

# شىنجاڭ ياشلىرى

3

1984

XINJIANG YAXLIRI



# فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما



1. گىلەم توقۇش ماھىرى
2. كەشتىچى قىز
3. تىيانشان تۆگىلىرى
4. ئاددى خىزمەت ئورنىدا
5. بۇلۇت قەرىدە










كاتتا بىنالار ھامان كى-
چىك - كىچىك ياغاچ - تاش-
تىن بىنا بولىدۇ، بىز ئاشۇن-
داق ياغاچ - تاش بولساق
نېمىشقا بولمايدۇ؟ شۇنىڭ
ئۈچۈن مەن دائىم ئۇششاق -
چۈششەك ئىشلارنى قىلىمەن.

لۇشۈن


3

# شىنجاڭ ياشلىرى

1984

سىياسى، نەزەرىيەۋى، پەننى، ئەدەبىي ژورنال

## مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرايلى... | 1 |
| خالىس سېپىتىرا ................ ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش ........... | 2 |
| ئالىمجاناب پەزىلەت ......... ئۇ ئالتۇن تېپىۋالغاندا ................ | 3 |
| ياشلاردىن بوغرا «سېلىشتۇرۇش، بەسلىشىش» روھى بولۇشى كېرەك ... ئا. ماخمۇتجان | 4 |
| ماتېرىيال توپلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ............................ | 5 |
| ۋىجدان — ئەخلاقنىڭ قاراۋۇلى ........................ ھەجەرگۈل ھەمدۇللا | 7 |
| سىزدىمۇ بۇ خىل يامان ئادەتلەر بارمۇ؟ ................................ | 8 |
| ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنى ھوقۇقىنى قوغدايلى ........................ | 9 |
| ئامىمىنىڭ پىكرىگە ئەھمىيەت بېرىش... رەھبەر بولغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى نىمە... | 10 |
| بۇ تېلېۋىزور بىزنىڭ ئۆيدە تۇرمىسۇن... «مەن يەرگە قاراپ قالمايمەن... | 11 |
| مەن قانداق قىلسام باشقىلارنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلەيمەن ............. خالىدە | 12 |
| دىخانچىلىق كەسپىدە ئوقۇشنىڭ ئىستىقبالى يوقمۇ؟ .................... مۇرالىم | 14 |
| مېنىڭ ئېھتىياق ئەزالىق سالاھىيىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟ ........ | 15 |
| مەغلۇپ بولغانلار ئۈچۈنمۇ قىسە يېزىش كېرەك ........................ | 16 |
| ئۇنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى ...... (چاتما رەسىملەر) ............. ئا. پولات | 17 |
| ئۇسسۇلۇقنى كۆپرەك ئىچىڭ ........................... ئابلىكىم غوپۇر | 18 |
| ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشنىڭ شانلىق نەمۇنىسى ............... خېلىل كېرەم | 19 |
| ياشلارنىڭ ئۆزىنى قەددىرلەش ھىسسىياتى ھۆرمەتلىنىشى كېرەك ... تۇراپ ياسىن | 21 |
| ئۆي جاھازلىرىنى قانداق ئاسراش كېرەك سوپۇن پاراشوكى ئىشلەتكەندە ... | 22 |
| ۋىتامىن كەمچىللىكنىڭ ئالامەتلىرى ساماقنى خام يىگەن ياخشى ... | 23 |
| مېھرىۋان ھەمشىرە .................................ھۇسەنجان تىلىۋالدى | 24 |
| نىشان، تىرىشچانلىق ۋە ئۇسۇل ........................................ | 25 |
| سەنئەت ئىشقىۋازى — ئېزىز ئابلىز .................. ئابدۇكېرىم سىدىق | 27 |
| شىجائەت — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ......... ئابدۇۋايىت قاسىم | 28 |
| ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ ئۇخلاش ياخشىمۇ ...... («بىلىم باغچىسى» 8 پارچە) | 30 |
| مەشھۇر شەھەر — شىئەن .................................ئىسمايىل مەھەممەت | 32 |
| دۇنيادا مۇنداقمۇ قىزىقارلىق ئىشلار بار ............................... | 34 |
| يېزا ياشلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى بېيىماقتا ................. مۇتەللىپ ئەمەت | 35 |
| دوستۇم ئورنىڭىزدىن دەس تۇرۇڭ .......................................! | 36 |
| ھۆسنىخەت گۈلزارى ............................... نىياز كېرەم، تېيىپ پاك ... | 37 |
| مەرىپەت دۇنياسىدا ......... (6 پارچە) ................................ | 38 |
| قۇمۇل قوغۇنى دىگەن نام توغرىسىدا .................... ئابلەت نۇردۇن | 40 |
| ۋاقىت ۋە «بۈگۈن» ................................................. | 42 |
| ئالەم بوشلۇقىدا ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش ............................ | 43 |
| ئۇلارنىڭ يالقۇنلۇق ياشلىق باھارى .................................... | 44 |
| ئىشىنىڭ، ئىشەنمەڭ ئىختىيار ئۆزىڭىزدە ................................ | 45 |
| يۇمۇرلار .......................................................... | 46 |
| يېزا ياشلىرىنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە يېتەكلەش كېرەك ......... ت. ئىبراھىم | 48 |
| دۇنيادا كۆك ئېرقلىق كىشىلەرمۇ بار ................................... | 49 |
| ھەۋەس توغرىسىدا ياشلار بىلەن سۆھبەت ................. ئابدىكېرىم سايىم | 50 |
| قەين ئىستېمال قىلغىنىڭىزدا مۇنۇلارغا دىققەت قىلىڭ ........................ | 51 |
| بۇ قانداق سورۇن ئىدى؟ ......... (رەسىملىك تېپىشماق) ... ئابدۇقادىر سادىر | 52 |
| ئاجايىپ «سىرلىق بەلۋاغ» ............................................ | 53 |
| «ياخشىمۇسىز»؟ ........... (ھېكايە) ............. مەمتىمىن ھەزرەت | 55 |
| سالام ............................. (ھېكايە) ...... ئابلەت ئەبەيدۇللا (ۋارىس) | 58 |
| سېنىڭ ناخشاڭ .................... (شېئىر) ................ توختاش بەكرى | 60 |
| پۇشايمان .......................... (شېئىر) ................ نەمەت ناسىر | 61 |


ھەر ئاينىڭ 5-كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ

# مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرايلى

ژورنىلىمىز ئوبزورچىسى

بۇ يىل 3 ـ قېتىملىق «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى داۋامىدا يەنىلا ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق پائالىيەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە نۆۋەتتە شەھەر ۋە يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەر خىل مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى ئومۇمىي يۈزلۈك زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش لازىم.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ــ ئىستىراتېگىيىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر خىزمەت. بۇ خىزمەتنى شەكىلدىكى داغدۇغىغىلا ئايلاندۇرۇپ قويماستىن، پۇختا ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش ــ «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنىڭ تۈپ يولى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەللەشتۈرۈش، پۈتكۈل جەمئىيەتكە كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم چارىسى. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى ئۆزىنىڭ دائىملىق خىزمەتلىرىنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئۆز ئورنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كەڭ ياشلارنى مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىگە پائال يېتەكلىشى ۋە بۇ پائالىيەتنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشى لازىم.

مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە كەڭ ياشلارغا كونكرېت تەلەپ ۋە ئۆلچەملەرنى ئورتىغا قويۇپ، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئىشنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش لازىم.

مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى چوقۇم ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كوممۇنىستىك تەربىيىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، ھەر خىل مەنىۋى بۇلغىنىشلارنى چەكلەش ۋە تۈگىتىش لازىم. كەڭ ياشلارنىڭ زەربىدارلىق، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى گۈزەللەشتۈرۈش، ئۆز يۇرتىنى گۈزەللەشتۈرۈش، تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىغا مەدەت بېرىش لازىم. ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا ھەر خىل قائىدە تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆز ئورنىدىكى ئامما كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلغان بىر ئىككى ئەمەلىي مەسىلىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ھەل قىلىش لازىم.

مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇلۇشى داۋامىدا توغرا كەيپىياتنى تىكلەش، ناچار كەيپىياتنى تۈگىتىش، يېڭى ئىستىلنى تەشەببۇس قىلىش، گۈزەل مۇھىت يارىتىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۈپتىن ياخشىلاش لازىم.

مەدەنىيەتلىك ۋە ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ــ پۈتۈن ئىتتىپاقنىڭ بۇ يىللىقى مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. شۇڭا، جايلاردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئورنىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن خىزمەتنى پۇختا ئىشلىشى، كونكرېت تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىشى، ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈشى، نېمە مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم.



## خالىس سېستىرا

ئا تۇش ناھىيىلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ 5- يىللىق 4- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى تۇرسۇنگۈل تۇرغۇن ئۆزلىگىدىن ئوكۇل قويۇشنى ئۆگىنىپ ئامىمىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئەسلىدە تۇرسۇنگۈلنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئېغىر زىققا كېسىلى بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت ئوكۇل قويدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇرخانىغا بېرىش ۋە كېلىش قىيىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ 1981 - يىلى يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ كۆكچى دوختۇرخانىسىدا ئوكۇل قويۇشنى ئۆگەندى. قىزنىڭ بۇ ئىشىدىن خۇرسەن بولغان دادىسى دەرھال بىر يۈرۈش ئوكۇل قويۇش سايمانلىرى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ بەردى. شۇندىن باشلاپ ئۇ ئوكۇل سايمانلىرىنى قايىنىتىپ پاكىز دېزىنفېكسىيە قىلىۋېلىپ، چوڭ ئانىسىنىڭ ئوكۇلىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. كېيىنچە مەھەللىدە كېسەل بولۇپ قالغان 5 كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كۈنلىكى 2 ۋاقىتتىن ئوكۇل ئۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ خىل روھىدىن تەسىرلەنگەن خوشنىلىرى ئۇنى «خالىس سېستىرا» دەپ تەرىپلىمەكتە. (ت. ئوبۇل)(ە4)

## ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش

پەيزىئاۋات ناھىيىلىك سودا شىركىتىنىڭ ياش بوغالتىرى ئەمەتجان خىزمەتكە قاتناشقان 3 يىلدىن بۇيان، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ ھېساۋاتتىن قىلچە چاتاق چىقارماي ئادىل، توغرا ئىشلەپ، ھەر يىلى شىركەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلىنىپ كەلمەكتە.

بىر قېتىم مەلۇم بىر پىركازچىك پۇل ئۆتكۈزگەندە، كاسىر ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇل ئېلىش تالونىنى خاتا يېزىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ پىركازچىكنىڭ ھېساۋاتىدىن 500 يۈەن كەم كۆرۈلۈپ ھېچيەردىن تاپالماي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئەمەتجان قىلچە ئېرىنمەي بارلىق تالوننى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ چاتاقنى تېپىپ چىقتى. بۇنىڭدىن ھېلىقى پىركازچىك ناھايىتى خوشال بولدى.



ئالدىنقى يىلى ئۇ، ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن چوتتىن ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە 1-، 2-، 3-، لىككە ئېرىشىدۇ ھەمدە ئۇرۇمچىگە بېرىپ ماھارەت كۆرسەتتى.

(ئابلىمىت يۈسۈپ) (ە4)



## ئالىجاناپ پەزىلەت

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش باشقارما ترانسپورت دادۈيىنىڭ ئىشچىسى لى شۇفاڭنىڭ 1983- يىل 11- ئاينىڭ 29- كۈنى تۇغۇتى قىيىنلىشىپ، تويۇقسىز قان بېسىمى تۆۋەنلەپ هاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. ئۇنىڭ قېنى AB قان تىپىدىن بولۇپ، بۇ خىل قان دوختۇرخانىدا زاپاس يوق ئىدى. ترانسپورت دادۈيى ئىتتىپاق ياچېيكىسى ياشلارنى قان بېرىشكە تەشكىللەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن دىلشاتنىڭ قېنى AB قان تىپى بولۇپ، ئۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ناهايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنىڭ 200 گىرام ساپ قېنىنى بېرىپ، سىنىپىي قېرىندىشى لى شۇفاڭنى، يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقنى ساقلاپ قالىدۇ. ياش ئىشچى دىلشاتنىڭ خەنزۇ قېرىندىشىنىڭ هاياتىنى ساقلاپ قېلىشتەك يۈكسەك پەزىلىتى نېفىتلىكتىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ئىتتىپاق تەشكىلاتى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىدۇ. (A6)

(ئابدىرېھىم ئابدۇللا)

## ئۇ ئالتۇن تېپىۋالغاندا ...

ئۆتكەن يىلى 12- ئاينىڭ 31- كۈنى يېڭىسار ناھىيە ئۇچار كۆكشى ياۋاغ 20 - دادۈي 6 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى ئىتتىپاق ئەزاسى ئوسمان قۇربان كۆكشى ئاشلىق پونكىتىنىڭ رېمونت ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ ئېرىق چېپىۋاتقىنىدا ئېرىقنىڭ ئىچىدىن بىر كوزا چىقىدۇ. ئۇ كوزىنى توپا ئاستىدىن ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا، ئىچىدىن ئالتۇن چىقىدۇ. بۇ چاغدا يېقىن ئەتراپتا بىرەرمۇ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ كۆڭلىدە: مەن بىر ئىتتىپاق ئەزاسى بۇ ئالتۇنلارنى دۆلەتكە تاپشۇرۇشۇم كېرەك دەپ ئويلايدۇ - دە، ئالتۇننى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار بۇ ئالتۇننى جىڭلاپ كۆرگەندە توپ - توغرا بىر كىلو چىقىدۇ ھەمدە شۇ كۈنىلا ئالتۇنلارنى ئوسمانجان بىلەن بىللە ناھىيىلىك خەلق بانكىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بانكا مەسئۇللىرى ئالتۇننى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئوسمانجاننىڭ بۇ خىل ئالىجاناپ روھىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ ۋە مۇكاپات بېرىدۇ.



(قادىر نىياز)

# ياشلارغا توغرا «سېلىشتۇرۇش، بەسلىشىش» روھى بولۇشى كېرەك



ئابدۇرېھىم ماخمۇتجان

ياشلارنىڭ قىزىقىش - ھەۋەسلىرى، شۇغۇللىنىدىغان ئىش - كەسىپلىرى ۋە ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، بەسلىشىشلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر ئۆزىنى ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتلەردە باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ بەسلەشسە؛ بەزىلەر راھەت - پاراغەت، ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈش دەرىجىسى جەھەتلەردە سېلىشتۇرۇپ بەسلىشىدۇ. دېمەك بىر ياشنىڭ باشقىلار بىلەن قايسى جەھەتتە، نىمىدە قانداق سېلىشتۇرۇپ بەسلەشكەنلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئىدىيە، ئىستەك ۋە ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۆگىنىش ۋە خىزمەت جەھەتتە سېلىشتۇرۇپ بەسلەشكۈچىلەر، بەسلىشىشتە كىمنىڭ ئىلغار بولۇپ سايلانغانلىقى، كىمنىڭ پارتىيە - ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەنلىكى، كىمنىڭ قانداق يېڭىلىق ياراتقانلىقى قاتارلىق جەھەتلەرگە قارايدۇ. لېكىن شۇنداقمۇ ياشلار باركى، ئۇلار سېلىشتۇرۇش ۋە بەسلىشىشتە كىمنىڭ قانداق قىلىپ قايسىبىر كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالغانلىقى، كىمنىڭ قانداق قىلىپ كۆپ پۇل تېپىۋاتقانلىقى قاتارلىق جەھەتلەرگە كۆز تىكىدۇ؛ ھەمدە شۇلارغا ئوخشاش بولغۇسى، ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتكىسى كېلىپ ئۇنىڭ ئىزى ۋە يولىنى ئىزلەيدۇ.

سېلىشتۇرۇش، بەسلىشىشنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ نەتىجىسىمۇ مۇقەررەر ئوخشاش بولمايدۇ. توغرا سېلىشتۇرۇپ بەسلەشكەندە، پەرقنى ئاجرىتىپ، يەنىمۇ ئىرىشىپ داۋاملىق ئالغا باسقىلى بولىدۇ. كوممۇنىزىم جەڭچىسى لېي فېڭ خاتىرىسىگە «خىزمەتتە ئاكتىپچانلىقى ئەڭ يۇقىرى يولداشلارغا، تۇرمۇشتا، تۇرمۇش سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن يولداشلارغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ توغرا كىشىلىك تۇرمۇش مىزانىنى تۇزۇۋالالايدۇ» دەپ يازغان ئىدى. ئۇ، تۇرمۇشتا شۇنداق ئاددى - ساددە، خىزمەتتە ئىنتايىن ئىرىشچان، ئاكتىپ بولۇپ، چەكلىك ھاياتىنى چەكسىز خەلق ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. بىز ھەرقانداق ۋاقىت ھەرقانداق ئىشتا، ئۆزىمىزنى ئەنە شۇنداق ئىلغار شەخس، قەھرىمان-نەمۇنىچىلارغا سېلىشتۇرساق، كىشىلىك تۇرمۇش مۇساپىمىزدە تۈرلۈك مەنىۋى بۇزۇلىنىشلاردىن خالى بولۇپ، ياشلىق باھارىمىزنى پارلاق نۇر چاچتۇرالايمىز. ئەكسىچە، خاتا سېلىشتۇرۇپ بەسلىشىش، شەخسىيەتچىلىك قىلىش، ئەخلاق، ئىستىل، تۇرمۇش جەھەتتە چىرىكلىشىش، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىشتىن ئۆزىگە ئۇنۇم بەرمەيدۇ. غايىلىك، ئىرادىلىك ياشلارغا نىسبەتەن «سېلىشتۇرۇپ بەسلىشىش» بىر خىل تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئۆگىنىش، خىزمەت داۋامىدا مەڭگۈ قانائەت ھاسىل قىلماي، بوشاشماي، داۋاملىق ئالغا بېسىشقا ئۈندەيدۇ. (67)





ماتېرىيال توپلاش — بارلىق يېزىقچىلىق يارىتىش پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى. شۇغۇللانغان ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئورغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تۇنجى قەدىمىنى ماتېرىيال توپلاشتىن باشلىغان. پەلسەپىچى كېكىلنىڭ ياش ۋاقتىدا ھېچقانداق بىر ئالاھىدە تالانتى ۋە ئىقتىدارى يوق ئىدى. ئەمما ئۇ بىلىم توپلاشتا ماھىر ئىدى. ئۇ 14 يېشىدىن باشلاپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا باشلاپ، ئوقۇپ بولغان نەرسىلەردىن قالدۇرغان ئۈزۈندىلەردىن كاپىيەن تۈزۈپ بارغان، ئاندىن كېيىن تىلشۇناسلىق، ئىستېتىكا، پىسخولوگىيە، تارىخ، پەلسەپە ۋە باشقا ئىلىم تارماقلىرى بويىچە كاپىيەنلەرنى توپلاپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ، شەرتلىك بەلگە قويۇپ، قاچان ئىشلەتمەكچى بولسا، شۇ ۋاقىتتا ئېلىپ ئىشلىتەلەيدىغان قىلغان. تەكرار - تەكرار پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى گېرمانىيىنىڭ ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە پەلسەپىچىسى بولۇپ قالغان.

ماتېرىيالنى توپلىغاندىن كېيىن، يەنە پايدىلىنىشقىمۇ ماھىر بولۇش كېرەك. بولمىسا، توپلانغان ماتېرىيال ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. تەپسىلى توپلانغان ماتېرىياللارغا قارىتا شەكىلدىن ماھىيەتكە ئۆتۈش، شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ مېغىزىنى ئېلىش، ساختىسىنى ئايرىۋېتىپ ھەقىقىتىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىلمىي پىششىقلاشنى ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا يېڭىلىق ياراتقىلى بولىدۇ.

توپلىغان ماتېرىياللاردىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك؟ تۆۋەندە بۇنىڭ 3 خىل ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز:

1- ئانالىزنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدا گىتلېر گېرمانىيىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاشقا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، ئەنگىلىيە يازغۇچىسى ياكوب يازغان بىر پارچە بىراشورا بېسىلىدۇ. ئۇ ئۆز كىتاۋىدا، گىتلېر ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى ھەربىي رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلى تونۇشتۇرىدۇ. گىتلېر ئۆز ئارمىيىسىنىڭ مەخپىيەتلىكى پاش بولغانلىق خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ياكوبنى باغلاپ بېرلىنغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى كىم ئاخبارات بىلەن تەمىنلىگەنلىكى توغرىسىدا سوراق قىلىدۇ. ياكوب بولسا، مېنىڭ بارلىق ماتېرىياللىرىم گېرمانىيە گېزىتلىرىدىن ئېلىنغان دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئەسلىدە، ياكوب ئۇزاق مەزگىل گېرمانىيە گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان گىتلېر ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا دائىر خەۋەرلەرنى ئەستايىدىل خاتىرىلەپ ماڭغان. ئۇ گېرمانىيە گېزىتىدە بېسىلغان قىسقىغىنە بىر ماتەم خەۋىرىدىن، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ نيۇرنبېرگدا تۇرۇشلۇق مەلۇم دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانىنىڭ كىم ئىكەنلىكى؛ بىر پارچە توي خەۋىرىدىن توي قىلغۇچى يىگىتنىڭ شياۋشياۋ دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قېيىناتىسى بولسا، مەلۇم جايدىكى شاڭشياۋ



دەرىجىلىك قوماندان ئىگەدارلىقى قاتارلىقلارنى بىلىۋالغان. ياكبۇ گېرمانىيە ئارمىيىسىگە دائىر زور مىقداردىكى پارچە ـ پۇرات ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، كاپيەن تۈزۈپ رەتكە تىزىپ، ئانالىزنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يەكۈن چىقىرىپ، ئاخىرى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالىنى سۈرەتلەپ بېرىدىغان بىر كىتابنى يېزىپ چىققان، ئانالىزنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغاندا، كىچىك، ئۇششاق ماتېرىياللار ئىچىدىن شەيئىنىڭ پۈتكۈل قىياپىتىنى ئىگەللىۋالغىلى بولىدۇ.

2. سېلىشتۇرۇپ پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى: بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، شەيئىلەردىكى ئورتاق ۋە پەرقلىق نۇقتىلارنى تۇتۇۋالغىلى، يېڭى بايقاشلارنى چىقارغىلى بولىدۇ. 1682- يىلى، ئاسماندا بىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز پەيدا بولىدۇ. ئەينى چاغدا ئەنگلىيەدە 26 ياشقا كىرگەن ھاللى بۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى تېلېسكوپ بىلەن ئىنچىكىلەپ كۆزىتىدۇ. ئۇ بۇرۇنقى خاتىرىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ھەر خىل كىتابلارنى ئاختۇرۇپ، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا مۇناسىۋەتلىك 1337- يىلدىن بۇيانقى 300 يىللىق خاتىرىلەردىن جەدۋەل تۈزىدۇ. ھەمدە دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال ھېسابلاش ئېلىپ بارىدۇ. ھاللى ھېسابلاش نەتىجىسىنى 1607- يىلى ۋە 1531- يىلى پەيدا بولغان قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئوربىتىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن يېقىن ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 3- قېتىم پەيدا بولغان بۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار 3 قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى بىر دانە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ 3 قېتىم قايتا كۆرۈنۈشى، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. كېيىن، كىشىلەر بۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا «ھاللى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى» دەپ نام بېرىدۇ.

3. مەنبەسىنى قېزىش ئۇسۇلى. بىر پارچە ماقالا يازغاندا، باشقا ماقالىلاردىن ياكى باشقا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى ماتېرىياللار ئىزاھلاش ياكى قوشۇمچە قىلىش شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى شەرھىلەيدۇ. ئەگەر بىز ئىز قوغلاپ ئىزلىنىش يولى بىلەن ماڭساق، قىممەتكە ئىگە نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار ياكى يېڭى تەتقىقات تېمىلىرىغا ئېرىشەلەيمىز. دۆلىتىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن تارىخى مۇتەخەسسىسى فەن جىشىڭ جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا تەسادىپەن ياپونىيىلىك 2 ئالىمنىڭ ئەسىرىدە، 18- ئەسىردە فرانسىيىدە نەشر قىلىنغان جۇڭگو توغرىسىدىكى 3 توملۇق كىتابنىڭ ياۋروپادا تارقىلىپ يۈرگەنلىكى ئېغىزغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. كېيىن، ئۇ دارۋىننىڭ بىر پارچە ئەسىرىنى كۆرۈۋېتىپ، بۇ تارىخىي ماتېرىيالنىڭ ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە بولغان تەسىرى ئىنتايىن زور بولغانلىقىنى ئۇقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە تارقىلىشى ۋە دارۋىنغا بولغان تەسىرى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ چىقىدۇ.

بىز خۇددى چۈمۈلىدەك يىغىشنىلا بىلىدىغان بولماسلىقىمىز، ئۈمۈچۈكتەك تور يېيىشنىلا بىلىدىغان بولماسلىقىمىز كېرەك، بەلكى ھەسەل ھەرىسىدەك ھەم يىغىدىغان ھەم رەتلەيدىغان بولۇشىمىز، يەنى ھەم ماتېرىيال يىغىش ۋە توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ھەم ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم.

(NQ8311)(SI)

# ۋىجدان ـ ئەخلاقنىڭ قاراۋۇلى

ھەجەرگۇل ھەمدۇللا

يېقىندا بىر ياش يىگىت شەھەرگە كىرگەن بىر دېخاننىڭ 500 يۈەن پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ 24 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزلۈگىدىن ئامانلىق قوغداش ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە بىر پارچە تۆۋەنامە يازغان. بۇ ياشنىڭ ئازغان يولىدىن قايتىپ كېلىشكە زادى قانداق كۈچ تۈرتكە بولغان؟ ئۇ يازغان تۆۋەنامىسىدە: «پۇلنى ئېلىۋېلىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، تاماقمۇ يېيەلمىدىم، بىئاراملىق ھېس قىلدىم. دېخانلارنىڭ جاپاسىنى، تۇرمۇشلىرىنىڭ پەنجىرىسىنى ئويلىغانسېرى تېخىمۇ قورقتۇم. چۈنكى، مەندە ئاز بولسىمۇ ۋىجدان بار ئىدى. ۋىجدانىمنىڭ ئەيىبلىشى، قىلمىشىمغا ئىنتايىن پۇشايمان قىلدۇردى» دەپ يازغان. دېمەك بۇ مىسال، كوممۇنىستىك ئەخلاقىي ـ پەزىلەت تەربىيىسىدە، يەنىلا ۋىجدانىنى سۆزلەش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋىجدان ــ كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا شۇنداقلا جەمئىيەتكە مەجبۇرىيەت ئۆتەش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئەخلاقىي ئاڭدۇر. شۇنداقلا كىشىلەر قەلبىنىڭ تەكتىگە يوشۇرۇنغان بىر خىل ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتچانلىقتۇر. بىر ئادەم ئۆزى قىلغان ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ كۆڭلى ئارام تېپىشى، ياكى بىئارام بولۇپ پۇشايمان قىلىشى، ئۆزىنى ئەيىبلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىل مۇئەييەن ئەخلاقىي مىزان ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەركىتىنى ئۆلچىگەندە پەيدا بولغان مەنىۋى ھېسسىيات ــ ماركسىزىملىق ئەخلاق ئىلمىدە سۆزلىنىدىغان ۋىجدان ھېساپلىنىدۇ. ۋىجدان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن باھالىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئۇ كىشىلەر ھەركەت قىلىشتىن بۇرۇن مۇئەييەن ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ھۆرمەت قىلىشقا بەلگىلىك ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىپ، ئەخلاققا مۇناسىپ پەزىلەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا تۈرتكە ۋە ئىلھام بولىدۇ. كىشىلەر ئەخلاققا مۇخالىپ ئىشلارنى قىلغاندا ۋىجداندىن ئىبارەت مەنىۋى يوشۇرۇن كۈچ بۇ خىل قىلمىشنى ئەيىبلىشى، نومۇس قىلدۇرۇشى، ئۆيۈلدۇرۇشى، بىئارام قىلىشى شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ھەرىكەتنى چەكلىشى ياكى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن. يېقىنقى ياشنىڭ ئازغان يولىدىن قايتىپ كېلىشى دەل بۇ خىل ۋىجداننىڭ ئەيىبلىشىدىن بولغان.

ۋىجدان ئەخلاقنىڭ قاراۋۇلى. بىز ئېيتىۋاتقان ۋىجدان كىشىلەر ۋۇجۇدىدا يېتىشتۈرۈلگەن كوممۇنىستىك ئەخلاقىي ھېسسىيات بولۇپ، ئۇ گوياكى ھەر كىمنىڭ قەلبىدە تۇرىدىغان سادىق قاراۋۇلدۇر. ئۇ، ھەمىشە سەمىمىيلىك بىلەن پوستتا تۇرىدۇ. بىزنى كوممۇنىستىك ئەخلاقىي پرىنسىپلاردىن چەتنىگەندە، چەكلەيدۇ، ياكى ۋاقتىدا تۈزىتىدۇ. ئىزچىل، خەلققە پايدىلىق، پەزىلەتلىك ئادەم بولىمىز دەيدىكەنمىز، قەلبىمىزدە بۇ قاراۋۇلنى مەڭگۈ تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. خەلقنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرگەندە، كۆرمەسكە سالىدىغان، ئادالەتلىك ئىشنى قىلمايدىغان، خىجىل بولمايدىغان، خەلق ۋىجدانسىز دەپ تەنقىتلىگەن كىشىلەر قەلبىدە مۇشۇ خىل قاراۋۇل يوق كىشىلەردۇر.




بۇ توغرىسىدا گومورو «ۋىجدانىنى يوقىتىش، كىشى ئۈچۈن ئەڭ ئېچىنىشلىقتۇر» دېگەن ئىدى. (SI)



# سىزدىمۇ بۇ خىل يامان ئادەتلەر بارمۇ؟

كۈندىلىك تۇرمۇشتا بەزى كىشىلەرنىڭ مەلۇم يامان ئادەتلىرى بولىدۇ، لېكىن بۇ يامان ئادەتلەر بەزى ئېغىر كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتەك ئاپەتنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى ئۇلار پەقەت ئويلاپمۇ كۆرمەيدۇ.

1 ـ قۇلاق كولاش. قۇلاق كىرى قۇلاق يولىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەيدۇ. چاڭ ـ توزاڭ ۋە ئۇششاق ھاشارەت قاتارلىقلارنى ئۆزىگە يېپىشتۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قۇلاق پەردىسىگە بىۋاستە تېگىشىدىن ساقلايدۇ. ئۆز مەيلىچە قۇلاق كىرىنى كولاپ چىقىرىۋەتكەندە، قۇلاقنى بۇ قابىلىيەتلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ ـ دە، تاشقى قۇلاق يولىنى ئاسانلا زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. قۇلاقنى كولىغاندا تاشقى قۇلاق يولى تېرىسىنى ئاسانلا زەخىملەندۈرۈپ مىكروبلارنىڭ يۇقۇملىنىشىنى، ئېغىرراق بولغاندا ھەتتا تاشقى قۇلاق يولى ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قۇلاق مېڭىنىڭ يېقىن خوشنىسى. ئەگەر مىكروبلار يۇقۇرىغا قاراپ يامراپ كەتكىدەك بولسا، خەتىرى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

2 ـ چىقاننى سىقىش. چىقان چىقىپ قالسا، قول بىلەن سىققاندا، تاشقى كۈچنىڭ بېسىمى مەخسۇس مىكروب ئۆلتۈرىدىغان ئاق كىلىتكىلار ۋە يۇتقۇچى كىلىتكىلار ھاسىل قىلغان «مۇھاسىرە چەمبىرىكى»نى بۇزۇۋېتىدۇ. ھەممىدە ئاسانلا كېسەل مىكروبلىرىنى قان تومۇرلارغا كىرگۈزۈۋېتىپ، قان يۇقۇملىنىش كېسىلىگە گىرىپتار قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۈستۈنكى كالپۇك ۋە بۇرۇننىڭ ئىككى تەرىپىگە چىققان جاراھەتلەر بۇ ئورۇنلاردىكى قان تومۇرلار مېڭە قاپقىقىغا تۇتاش بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، مېڭە قاپقىقى ئىچىنىڭ يۇقۇملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ تۇغدۇرىدۇ.

3 ـ چىش كولاش. چىش مىلىكى ناھايىتى يۇمشاق ھەم نېپىز بولغاچقا، ئەگەر دائىم چىش كولىغۇچ بىلەن غىدىقلاۋەرسە، چىش مىلىكى ناھايىتى ئاسانلا زەخىملىنىدۇ ـ دە، قىزىرىپ ئىششىيدۇ. ھەتتا ھەر خىل چىش كېسەللىرىگە گىرىپتار قىلىدۇ.

4 ـ قاش تېرىش. بەزى قىز ـ ئاياللار قەلەمقاش بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، پات ـ پات ئۆزلىرىنىڭ «كۆڭلىگە ياقمايدىغان» تاشلىرىنى تېرىيدۇ. بۇ ئىنتايىن يامان ئادەت. چۈنكى قاش ـ كۆزنى تەر كىرىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. دائىم قاشنى تېرىۋەرسە، قاشنىڭ بۇ قابىلىيىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ ـ دە، تەر تەركىبىدىكى ئاچچىق ماددا كۆزنى غىدىقلاپ كۆز پەردە ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئۇندىن، باشقا كۆز چانىقىنىڭ ئەتراپىغا نېرۋا تالالىرى ۋە تومۇرلار زىچ جايلاشقان بولۇپ، قاش تەرگەندە ئۇلاردا ناچار غىدىقلىنىش كېلىپ چىقىپ، كۆزنىڭ نەرسىلەرنى تۇتۇق كۆرۈشىنى ۋە كۆزنىڭ ئاغرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قىسقىسى يۇقۇرقىدەك يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ تېزراق ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل ھالدا بۇ ئادەتلىرىنى تۈگىتىشى لازىم. (S1)



# ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغدايلى

ژورنىلىمىز ئوبزورچىسى

ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس تۈپ سىياسىتى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەر قېتىملىق ئاساسىي قانۇندا ۋە باشقا قانۇنىي مىزانلاردا ئاياللار ۋە بالىلارنى قوغداشقا دائىر بىرقاتار ماددىلار بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا سەل قارايدىغان، ھەتتا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان خاھىشلار يەنىلا خېلى دەرىجىدە ساقلانماقتا. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسمەن جايلاردا ئەرلەرنى ئەتىۋالاپ، ئاياللارنى پەس كۆرۈش، كەمسىتىش، خارلاش، بالىلارنى ئۇرۇش، تىللاش، ياش قۇرامىغا توشمىغان قىزلارنى مەجبۇرىي نىكا قىلىشتەك بولمىغۇر خاھىشلار ئەدەپ قالدى. بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەر مەكتەپ ئىچى- سىرتىدىكى ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ ئارىسىدا ھەر خىل سېرىق كىتاب، شەھۋانە سۈرەتلەرنى تارقىتىپ ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن بۇلغىسا، يەنە بەزىلەر قانۇندا ئاللىبۇرۇن بىكار قىلىنغان بەزى رەسمىيەتلەرنى يېڭىۋاشتىن كۆتۈرۈپ چىقىپ ياش- ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىدى ۋە چىرىتتى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت- ئابرويىنى تۆكمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار ۋە بالىلارنى ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلغان جىنايەتچىلەرگە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە كۈچلۈك زەربە بېرىپ، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى پەقەت سوتسىيالىزم تۈزۈمىلا ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ. نۆۋەتتىكى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق- مەنپەئەتىنى قوغداش پەقەت ئاياللار، ياشلار تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى، بۇنى ھەممەيلەن ئىدىيىدە بىردەك تونۇپ يېتىشى ۋە پائال كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. ئاياللار ۋە بالىلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزلىرى قانۇننى ئۆگىنىشى، قانۇننى بىلىشى، قانۇنغا ئەمەل قىلىشى، ھەمدە قانۇننى قورال قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە كەڭ ياشلار مۇناسىۋەتلىك قانۇن- مىزانلارنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش خاھىشلىرىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى، ئاياللارنى ۋە بالىلارنى كەمسىتىدىغان؛ پەس كۆرىدىغان فېئوداللىق ئىدىيە ۋە كونا يوسۇن، كونا ئادەتلەرنى باشلامچىلىق بىلەن تۈگىتىشى كېرەك.



## ئائىلىسىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا ئەھمىيەت بېرىش

ئائىلىسىدىن كەلگەن پىكىرلەرنى يولداش لېنىن ئاڭلاشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، كىرىستىيان سارىيىنىڭ دەرۋازىسىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرگە: مەيلى كىم بولمىسۇن، پەقەت مېنى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئىكەن، ئۇلارنى «توسۇۋېلىش» قا بولمايدۇ، دېگەن بىر ماددىنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئۇ، كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قوبۇل قىلاتتى. يەنە يولداش لېنىن ئۆزىنىڭ كاتىۋىغا: تۆۋەندىن يولداش لېنىننىڭ نامىغا يېزىلغان خەت - چەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئىش ئۈستىلى ئۈستىگە قويۇپ قويۇشنى تاپىلايتتى.

لېنىن ھەركۈنى ئەتىگەن ئىشخانىسىغا كىرگەندە قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ئالدى بىلەن شۇ كۈنكى گېزىت ۋە ئائىلىدىن كەلگەن خەتلەر ئىچىدە ئۆزى جاۋاپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان خەتلەر بولسا، ئۇلارغا قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي جاۋاپ خەت يېزىش ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئامما تۆۋەندە ساقلىنىغان ھەر خىل ئەھۋاللارنى يولداش لېنىنغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ تۇرىدىغان بولغان، يەنە، ئۇنىڭدىن باشقا لېنىن ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدىكى تېلېفون نومۇرىنى ئاممىغا ئۇقتۇردۇۋەتكەن. (ئ7)

(رىشىت راخمان تەرجىمىسى)

## رەھبەر بولغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى نېمە؟

يولداش ماۋزېدۇڭ 1929 - يىلى 10- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى غەربىي فۇجيەن پەۋقۇلئاددە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دېڭ زىخۇي بىلەن بىللە يېزا ئارىلاپ تەكشۈرۈۋاتقاندا، دېڭ زىخۇي يولداش ماۋزېدۇڭغا غەربىي فۇجيەننىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىپ: «دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلىنىپ پومېشچىكلارنىڭ يەر خەتلىرى كۆيدۈرۈلدى، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى ئاشلىققا تولدى» دەيدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ: «يولداش زىخۇي، سىز ئېيتىپ بېقىڭا، رەھبەر بولغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى زادى نېمە؟» دەپ سورايدۇ. يولداش دېڭ زىخۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلمەي قالىدۇ.

ئارقىدىنلا يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، رەھبەر بولغۇچىنىڭ ئۈنچىۋالا قالتىس بىلگىنى يوق، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاممىنىڭ ئورنىدا يەتكۈزگۈچى بولۇپ، كۆپچىلىك ئاممىنىڭ پىكرىنى پارتكومغا يەتكۈزۈش، پارتكوم ئاممىنىڭ پىكىرىگە ئاساسەن قارار چىقارغاندىن كېيىن؛ بۇ قارارنى يەنە ئامما ئىچىگە يەتكۈزۈشتۇر.»

يولداش دېڭ زىخۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلىكتە خاتىرىگە ئاساسەن رەتلەپ چىقىپ ھەرقايسى ناھىيىلىك پارتكوملارغا يەتكۈزىدۇ. (S1)

(س. مەمتىلى رەتلىگەن) (RJS 83126)

## «بۇ تېلېۋىزور بىزنىڭ ئۆيدە تۇرمىسۇن»

يولداش ليۇ شاۋچى 1958- يىلىنىڭ بىر كەچقۇرۇنلىغى، ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، باللىرىنىڭ چۇقۇرىشىۋاتقانلىغىنى ئاڭلايدۇ، مېھمانخانىغا كىرىپ قارىسا باللىرى دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن تېلېۋىزورنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى كۆرۈۋاتقان ئىكەن. ئەينى چاغدا، تېلېۋىزور دۆلىتىمىزدە ئەمدىلا ئىشلەپچىقىرىلغاچقا، ھەممە كىشىگە يېڭىلىق تۇيۇلاتتى. شۇڭا يولداش ليۇشاۋچى باللىرىدىن: بۇ تېلېۋىزور نەدىن كېلىپ قالدى؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار مەلۇم رادىيو زاۋۇتىدىن ئەۋەتىپتۇ، - دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

ليۇشاۋچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قوشۇمىسىنى تۈرىدۇ-دە، بىر نىمە دېمەيدۇ. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ليۇشاۋچى باللىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ تېلېۋىزور ئومۇمنىڭ ئىكەن، ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرمىسۇن، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا خىزمەت ئىشلەيدىغان خادىملار ۋە مۇھاپىزەتچى جەڭچىلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلارمۇ تېلېۋىزور كۆرۈشتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. قېنى سىلەر ئېيتىڭلارچۇ، بۇ تېلېۋىزورنى قەيەردە قويۇش كېرەك؟

باللار چوڭ تاماقخانىدا قويايلى! - دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. چۈنكى ئىدارە تاماقخانىسى كەڭرەك بولغاچقا، تېلېۋىزورنى قويغاندا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى كۆرەلەيتتى. شۇندىن ئېتىۋارەن بۇ تېلېۋىزور ئىدارە تاماقخانىسىغا قويۇلىدۇ.

## «مەن يەرگە قاراپ قالمايمەن»

يولداش پېڭ دېخۇەي 1974 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ۋاپات بولغان. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا تاغىسىنىڭ قىزى پېڭ مېيكۇي خاتىرىلەپ ئالغان ۋەسىيەتنامىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

مەن ئۆلگەندىن كېيىن جەسەت كۈلۈمنى يۇرتۇمغا ئېلىپ كېتىڭلار، باشقىلار ئۇقۇپ قالمىسۇن، باشقىلارنى ئاۋارە قىلماڭلار، ئۇنى يەرگە كۆمۈپ ئۈستىگە بىر تۈپ ئالما كۆچىتى تىكىپ قويۇڭلار. بۇ مېنىڭ ئۆز يۇرتۇمنىڭ يەر زىمىنى، ئاتا - ئانام ۋە يۇرتداشلىرىمنىڭ مېھرى-شەپقىتىگە قايتۇرغان ئەڭ ئاخىرقى جاۋابىم بولۇپ قالسۇن. مېنىڭ يەنە خىزمەت قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق قاراڭغۇ كامېردا بىر كۈن تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئارتۇقچە بىلىنمەكتە. خىزمەت قىلىشنى ئويلىسام يەنە 70 يىل ياشىسام ئوبدان بولاتتى. سىلەر تېخى ياش، تىرىشىپ ئىشلەڭلار، بىرەر ماھارەت ئىگەللەپ خەلق ئۈچۈن ئازغىنە بولسىمۇ تۆھپە قوشۇڭلار، ھەرگىز قۇرۇق نام - شۆھرەت - پايدا قوغلاشماڭلار، ھېلىقىدەك خۇشامەتچىلىك، پۇرسەتپەرەسلىك ئىشلارنى قىلماڭلار. مەن ھاياتىمدا نۇرغۇنلىغان سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلدىم، لېكىن ئىنقىلاپقا، يولداشلارغا نىسبەتەن ئىككى قوللۇق بولمىدىم. ئەزەلدىن كىشىلەرگە سۇيىقەست قىلغان ئادەم ئەمەسمەن. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا قەددىمنى رۇسلاپ ئۈنلۈك جاكالايمەنكى: خەلق ئالدىدا مەن يەرگە قاراپ قالمايمەن!

(تۇرسۇن روزى رەتلىگەن)

## مەن قانداق قىلسام باشقىلارنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلەيمەن؟

يولداش مۇھەررىر:

مەن خەنزۇچە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققىنىمغا 4 يىل بولغان بولسىمۇ ھازىرغا قەدەر بىرەر يېقىن دوستۇم يوق. چۈنكى مېنىڭ غۇرۇرۇم كۈچلۈك بولۇپ ئۆزلىكىمدىن باشقىلارغا يېقىنلىشىشنى ياقتۇرمايمەن باشقىلارغا ياخشىچاق بولۇشنى ۋە خۇشامەت قىلىشنى ئەسلا بىلمەيمەن، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدىمۇ خۇشچىراي كۆرۈنۈپ سالام سائەت قىلىشنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. شۇڭلاشقا باشقىلار مېنى ھالى چوڭ، تەكەببۇر دەپ مەن بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشنى تازا خالىمايدۇ. ھازىر مېنى يەككە - يىگانىلىق ئاستا - ئاستا چىرمىۋېلىپ غېرىبانە ئۆتۈۋاتىمەن. ئۆزۈم خېلى ئىزلەنگەن بولساممۇ، بۇ ئازابتىن تېخىچە قۇتۇلالمىدىم. شۇڭا مەن قانداق قىلسام بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپ باشقىلار بىلەن يېقىنلىشىپ ئۆتەلەيمەن. ماڭا بىر لايىقىدا مەسلىھەت كۆرسەتسەڭلەر.

ئۈرۈمچىدىن: خالىدە

يولداش خالىدە:

خېتىڭىزنى كۆرۈپ سىزنىڭ بۇ ھالىڭىزغا ھەقىقەتەن ھېسداشلىقىم كەلدى. خۇددى باكۇنىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «چىن دوستى يوق ئادەم ئەڭ يېتىم ئادەمدۇر. دوستلۇقسىز دۇنيا گويا بىر چۆلدۇر.» ھەرقانداق ئادەم دوستلۇققا ئېرىشەلىشى مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭغا قانداق قىلغاندا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بۇنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

دوستلۇق— يولداشلار ۋە دوستلار ئارىسىدىكى بىرخىل سەممىي مۇناسىۋەتتۇر. ئۇ چىن مۇناسىۋەت بولۇپ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، قەدىرلەش، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىش ئۇستىگە قۇرۇلغان. ئۇ پەقەت نەپ ئېلىشتىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى باشقىلارغا نەپ بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. خېتىڭىزدە غۇرۇرۇم كۈچلۈك بولغانلىقتىن باشقىلار بىلەن يېقىنلىشىشنى ياقتۇرمايمەن، دەپسىز. ئالدى بىلەن شۇنى بىلىش كېرەككى، غۇرۇر ئۇ ھەرگىز كىشى بىلەن كىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىپ تاشلايدىغان توساق ئەمەس، بەلكى كىشى ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ھەققانى خىسلەتلەرنى قىممەتلىك دەپ بىلىش ۋە ئۇنى ئاسراشتۇر. ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە ئۆتكەن ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق سەممىي، كىشىلەرگە ئاسان يېقىنلىشىدىغان ئادەملەردۇر. ئۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ غۇرۇرى يوقمىدى؟ ئۇنداق ئەمەس. ھەرقانداق ئادەمدە ئۆزىگە چۇشلۇق غۇرۇر بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەت قىلىش بىلەن باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش بىردەك بولۇشى كېرەك. دوستلۇق ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر ئادەم باشقىلارنى ھۆرمەت قىلماي، باشقىلارغا يېقىنلاشماي، باشقىلار بىلەن چىن ۋە سەممىي ھالدا پىكىر ئالماشتۇرماي تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى، ئىشەنچىسىنى ۋە ھۆرمەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق شەخس ئەگەر باشقىلارنىڭ



ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزى باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىشنى بىلمىسە؛ پەقەت باشقىلارنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزى باشقىلارغا يېقىنلاشمىسا ئۇ ھالدا بۇنداق كىشىنىڭ ئېرىشىدىغىنى غېرىبانىلىقلا بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى «غۇرۇر»مۇ ئۆزىنى پەس كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ ـ خالاس.

ھەقىقىي دوستلۇق ساپ ـ سەممىي بولىدۇ، ئۇ ياخشىچاق بولۇشنى ۋە خوشامەت قىلىشنى ئەسلا تەلەپ قىلمايدۇ. بەلكى سەممىي پوزىتسىيە ۋە زۆرۈر بولغان ئەدەپ ـ قائىدىنىلا تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەپ ـ قائىدە باشقىلارغا ھۆرمەت ۋە دوستلۇق بىلدۈرۈشنىڭ بىر شەكلى. باشقىلارغا سالام بېرىش، قىزغىن دۇئامىلە قىلىش بىلەن خوشامەتچىلىك قىلىش خاراكتېر جەھەتتىن تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش. باشقىلارغا سالام بېرىش، قىزغىن مۇئامىلە قىلىش بۇ ئەڭ ئەقەللىي ئەدەپ ـ قائىدە بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. خوشامەتچىلىك بولسا، مەلۇم يامان غەرەزنىڭ ساختا مۇئامىلىسىدىن ئىبارەت. ئالدىنقىسىنى قوللاش ۋە تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىيدۇ، كېيىنكىسى بولسا نەپرەتلىنىشكە تېگىشلىكتۇر. ئەگەر بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىپ زۆرۈر بولغان ئەدەپ ـ قائىدىنى «ياخشىچاق بولۇش»، «خوشامەت قىلىش» دەپ قارىسا تامامەن خاتا قىلغانلىق بولىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىڭىزنى ئويلاپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر سىز بىرەر تونۇش كىشىگە يولۇقۇپ قالسىڭىز قارشى تەرەپ سىزنى كۆرمەسكە سېلىپ سالاملاشماي، بىرەر ئېغىز ھال ئەھۋال سوراشماي كېتىپ قالسا سىز قانداق ھېسسىياتقا كېلىسىز؟

ئىجتىمائىي تۇرمۇش تولىمۇ مۇرەككەپ. سىزنىڭ ھازىرقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىڭىزنىڭ سەۋەبلىرىنى تامامەن سىزدىن كۆرۈشكىلا بولمايدۇ. ئۇنىڭ تۈرلۈك ئامىللىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمما سىز سۇبيېكتىپ جەھەتتە كۆپرەك سەۋەپ ئىزلەپ، چۈشەنگەن پۇت ـ قوللىرىڭىزنى يېشىپ تاشلىشىڭىز كېرەك.

سىزگە بېرىدىغان مەسلىھەتىمىز شۇكى، ئالدى بىلەن سىز ئەڭ كىچىك ئىشتىن باشلاپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن باشقىلارغا يېقىنلىشىڭ، ئەلۋەتتە سالام قىلىش، قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇش، ھال ئەھۋال سوراش كەم بولماسلىقى كېرەك. بىريىللىق ئاداۋەت بىر كۈلكە بىلەن تۈگەيدۇ. ئەگەر سىز سەممىيەتلىك بىلدۈرسىڭىزلا ھەر قانداق ئۇقۇشماسلىق، رەنجىشلەرنىڭ ھەممىنى تۈگىتىشكە بولىدۇ.

يەنە بىر مەسلىھەتىمىز، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز، خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ، دوستلىرىڭىزنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمەت، تۇرمۇش ۋە خوشاللىق قايغۇلىرىغا ھەمدەم بولىشىڭىز لازىم. ئۇلار قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ ياردەم قىلىشىڭىزغا مۇھتاج بولغاندا، سىز قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىشىڭىز لازىم.

كىشىلىك تۇرمۇش سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەمدىلا باشلاندى. سىز روھلىنىشىڭىز ۋە رىياللىققا يۈزلىنىشىڭىز، رىياللىقنى توغرا تونۇشىڭىز لازىم. جاھاندا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق. ئازاب ۋە قايغۇغا پېتىپ غېرىبانىلىق بىلەن دوستلۇقنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئاكتىپلىق بىلەن ھەقىقىي چىن دوستلۇقنى يارىتىڭ. ئاخىرىدا مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى سىزگە تەقدىم قىلماقچىمەن: ئۇ بولسىمۇ «دوست تېپىشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى شۇكى، ئۆزى باشقىلارغا دوست بولماقتۇر.» (S1)

ـــ مۇھەررىر.

# دېخانچىلىق كەسپىدە ئوقۇشنىڭ ئىستىقبالى يوقمۇ؟

يولداش مۇھەررىر:

مەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ دېخانچىلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتىمەن. ئىلگىرى مېنىڭ بۇ كەسپتە تىرىشىپ ئوقۇپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى كۆپلەپ ئىگەللەپ، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىرادەم ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا مەكتەپكە كەلگەن ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆز كەسپىمنى قىزغىن سۆيۈپ، ئىزلىنىپ ياخشى ئۆگىنىپ كەلگەن ئىدىم.

بۇ يىل يازلىق تەتىلدە يۇرتۇمغا بارغىنىمدا دېخانلار بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ بەزىسى مېنىڭ دېخانچىلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتقانلىقىمنى بىلىپ، ماڭا ئېچىنغان تەلەپپۇزدا «بۇ كەسپتە ئوقۇمىساڭ ياخشى بوپتىكەن، ھازىر ھەممە جايدا مەھسۇلات كۆتۈرە بېرىلىدى، بۇنداق شارائىتتا دېخانچىلىق تېخنىكلىرىنىڭ رولى ئانچە چوڭ ئەمەس» دېيىشتى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنىڭ دېخانچىلىق كەسپىنى ياخشى ئۆگىنىپ، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىش ئىرادەم بىر ئاز تەۋرىنىپ قالدى. بۇ مەسىلىنى ساۋاقداشلىرىمغا ئېيتقىنىمدا ئۇلارمۇ كۆپ غۇلغۇلا قىلىشتى. بىراق، بېرىلگەن جاۋاپ مېنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىرلەرنىڭ مۇشۇ توغرىدا ئاز - تولا مەسلىھەت بېرىپ بېقىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدىن: مۇرالىم

ساۋاقداش مۇرالىم:

بۇ مەسلىھەت ھەققىدە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتلىرى ياكى يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن ساۋاقداشلار يېزا ئىگىلىك كەسپىدە ئوقۇشنىڭ ئىستىقبالى بارمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىزگە كۆپ قېتىم خەت يازدى. تۆۋەندە سىزنىڭ ۋە سىزنىڭ خېتىڭىزدىكى مەسىلىگە ئوخشىمىراق كېتىدىغان مەزمۇندا خەت يازغان ساۋاقداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆز كۆز قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

مەملىكىتىمىز ھازىر يەنىلا يېزا ئىگىلىك مەملىكىتى. شۇڭا، يېزا ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستىراتېگىيىلىك مەسىلىدۇر. بۇ ھال بىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى چىڭ تۇتۇشقا ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ھازىرقى زامان پەن- تېخنىكىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يېزا ئىگىلىكىگە تەتبىق قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كەڭ تۈردە، ئومۇملاشتۇرۇپ يۈز مىليونلىغان دېخانلارنىڭ ئىلمىي يوسۇندا تېرىقچىلىق قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىشىمىزدە دېخانچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەزى دېخانلارنىڭ ھېلىقىدەك سۆزلىرىگە ئەجەپلىنىپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى،

دېخانلارنىڭ دېخانچىلىق پەن - تېخنىكىسىغا ۋە دېخانچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا بولغان كۆز قارىشى ئوخشاش ئەمەس. دېخانچىلىق پەن - تېخنىكىسىنى ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىپ، ئۈنۈمىنى كۆرگەن دېخانلار سىزگە ئوخشاش مەخسۇس كەسىپتە ئوقۇۋاتقانلارغا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ. سىز بۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىشىڭىز كېرەك. مەھسۇلات كۆتىرە بېرىلگەن تەقدىردىمۇ جايلاردىكى ئورغۇن دېخانلار يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرى كۆتىرە ئالغان يەرلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ماشىنا سايمانلارنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشلىتىپ مەھسۇلاتنى ئۇدا ئاشۇرۇپ، يىلدىن - يىلغا باي بولۇش يولىغا قاراپ ماڭدى. بۇنىڭدىن سىز دېخانچىلىق كەسپىدە ئوقۇشنىڭ ۋە دېخانچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ جەمئىيەتتە رولى يوق ئەمەس، بەلكى بۇ كەسپنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايسىز. سىز بەزى كىشىلەرنىڭ گېپى بىلەن ئۆگىنىشتە ھەرگىز بوشىشىپ قالماسلىقىڭىز كېرەك. كەسپىڭىزنى ئۆز ئىرادىڭىز بويىچە تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئۆگەنگەن دېخانچىلىق پەن - تېخنىكىسىغا ئائىت نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ بىرەر تۈرىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرسىڭىز، ئەشۇ نەتىجىنى دېخانلار ئۆز ئەمەلىيىتىدە قوللىنىپ، ئۈنۈمىنى كۆرسە، سىزنى ئالقىشلاپلا قالماستىن، بەلكى سىزگە ئوخشاش دېخانچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ قەدىرىگە ھەقىقىي يېتىدۇ. (A6)

مۇھەررىر

# مېنىڭ ئىستىپاق ئەزالىق سالاھىيىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟

يولداش مۇھەررىر:

مەن بۇيىل 27 ياشتىن ئاشتىم. مەن 25 ياشقا تولغاندا، ئىلگىرىكى ئىستىپاق نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن يېشىم توشقانلىقتىن ئىستىپاقتىن چېكىنىش رەسمىيىتىدىن ئۆتەپ بولغان ئىدىم. بىراق يېڭى ئىستىپاق نىزامنامىسىدە، ئىستىپاق ئەزالىرىنىڭ ياش چەكلىمىسى 28 ياشقىچە دېيىلىپتۇ. مېنىڭ ئىستىپاق ئەزالىق سالاھىيىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ - بولمامدۇ؟

تۇرپان ناھىيىسىدىن مۇھەممەت

يولداش مۇھەممەت:

يېڭى ئىستىپاق نىزامنامىسىنىڭ 1 - ماددىسىدىكى ئىستىپاق ئەزالىرىنىڭ ياش چەكلىمىسىگە بولغان تەلەپكە ئاساسەن، بۇرۇن يېشى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن ئىستىپاقتىن چېكىنگەنلەر، ھازىر تېخى 28 ياشقا تولمىغان بولسا، ئەگەر ئۆزى ئىلتىماس قىلسا، ئىستىپاق ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بېجىرىش رەسمىيىتى: شۇ كىشى ئىستىپاق ياچېيكىسىغا ئىلتىماس سۇنىدۇ. ياچېيكا چوڭ يىغىنى ئۇنىڭ ئىستىپاق ئەزالىقىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى جاكالايدۇ ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىستىپاق تەشكىلاتىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. ئىستىپاقتىن چېكىنىش خاتىرە كىنىشكىسى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. قايتىدىن ئىستىپاق ئەزالىق سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلگۈچى ئىستىپاقتىن ئايرىلغان مەزگىلدىكى ئەزالىق بەدىلىنى تولۇقلاپ تۆلىمەيدۇ. (834DhSJH) (S1)

مۇھەررىر



# مەغلۇپ بولغانلار ئۈچۈن قىسسە يېزىش كېرەك

ئىلىم ـ پەن تارىخى شۇنى بىلدۈرىدۇكى: تۇرمۇشنى پەقەت مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچىلەرلا ياراتقان ئەمەس، تۇرمۇشنى ياراتقۇچىلار ئىچىدە يەنە نۇرغۇنلىغان مەغلۇپ بولغانلارمۇ بار. پەن ـ تېخنىكىدىكى ھەر قانداق بىر كەشپىيات، ھەر قانداق بىر تۆھپە، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئەجرە قىلىشىنىڭ مېۋىسى. نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ تارىختا ھېچقانداق نام ـ نىشانىمۇ قالمىغان. ھەتتا ئۇلار بىر ئەگرى يولغا كىرىپ قېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەي قالغان. بىراق ئۇلار كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. پەن ـ تېخنىكىدىكى «ئاتمىغى چىققانلار» دەل مۇشۇنداق مەغلۇپ بولۇپ نامسىز قالغان «ئادەم شوتىلار»نى دەسسەپ ئۆتۈپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن.

ماركسىزىملىق پەلسەپە دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن، گېرمانىيىدە «مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن» كىلاسسىك پەلسەپە، يەنى گېگېلنىڭ ئىدىيالىستىك دىيالېكتىكىسى ۋە فېيېرباخنىڭ ماتېرىيالىزمى بارلىققا كەلگەن. ماركس، ئېنگېلسلار ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەسلىكتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۇلارنىڭ پەلسەپىسىدىكى مۇۋاپىق بولغان مېغىزلارنى تەنقىدىي ھالدا قوبۇل قىلىپ، ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنى ياراتقان ھەمدە ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنى تارىخ ساھەسىگە تەتبىق قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ياراتقان.

تېلېۋىزورنى كىم كەشىپ قىلغان دېيىلسە، كىشىلەر دەرھال ئەنگلىيىلىك كەشپىياتچى جون. بېردنى ئېسىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ئۇ 1926 ـ يىلى لوندوندا ئەڭ دەسلەپ تېلېۋىزور سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىپ، بۇ ساھەنىڭ پېشىۋاسى دەپ ئاتالغان. بىراق، ئۇنىڭدىن بۇرۇن مۇشۇ ساھەدە نۇرغۇنلىغان نامى چىقمىغانلار مەغلۇپ بولغان «ئادەم شوتىلار» بولغان.

ئەلۋەتتە، بىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئۈمىت قىلىمىز، مەغلۇپ بولۇشنى خالىمايمىز، بىراق ئوبيېكتىپ دۇنيا چەكسىز مۇرەككەپ بولىدۇ. ھەر خىل شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان تونۇشىنىڭ ھەممىسى توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېينىشتېين مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن مەغلۇبىيەتكىمۇ مۇھتاجمەن. ئۇ ماڭا غالىبىيەت مۇۋەپپەقىيەتتەكلا قىممەتلىك. مەن بىلمىۋالغان ئېپلەشمەس ئۇسۇلۇمدىن بىرى كۆرۈلسە، ئىش قاملاشتۇرىدىغان ئەپ، ئۇسۇلۇمنىڭ بىرى كۆپەيگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن.»

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچىلەرگە قارىتا ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىسى ئاشۇ ئىگىلىمەي ـ سۇنماي ئەجرە قىلغان مەغلۇپ بولغانلاردۇر. جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلگەن، لېكىن مەغلۇپ بولغانلارنىڭ قىسسىسىنى يېزىش تېخىمۇ پايدىلىقتۇر. (S1)

## ئويىش ۋاقتىدا




1) قەشقەر شەھىرى شامالباغ گۇڭشې 4 - دادۈي 4 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ياش تېخنىكى مەھەممەت تۇرسۇن قادىر كەڭ دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن "يېزا ياشلىرىنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ئۈلگىسى" بولۇپ باھالاندى.



2) ئۇ ئۆتكەن يىلى سۇلياۋ يېپىپ كېۋەز تېرىش ئۈچۈن 12 مو يەرنى ھۆددىگە ئالدى. بىراق ئىلگىرى ئۆزى بىۋاسىتە سىناق قىلىپ باقمىغانلىقتىن، بۇ يەردىكى نۇرغۇن دېھقانلار ئۇنىڭ تاللىغان ئەجرىنىڭ بىكارغا كېتىشىدىن ئەنسىرىشىدۇ.



3) لېكىن ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، كېۋەز تېرىماقچى بولغان يەرنىڭ تۇپراق تەركىبىنى تەكشۈردى. شۇ ئاساستا دېھقانلارنى ھەر مو يەرگە 80 تاغاردىن سۈپەتلىك ئوغۇت، 100 تاغاردىن قۇم، 15 كىلوگىرامدىن خىمىيە ئوغۇتى بېرىشكە يېتەكلەپ، ئورۇقنى دورىلىغاندىن كېيىن بىر تۇتاش تېرىدى.



4) مايسىلار ئەمدىلا كۆكىرىپ چىقىشقا كۆتۈرۈلگەندە سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن 30 پىرسەنتتىن كۆپرەككە ئۆششۈك تەگدى. بۇ چاغدا ئۇ ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەي، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇقنى ئۈندۈرمە قىلىپ، 10 پىرسەنتلىك ئازوت ئوغۇتىغا چىلاپ، 3 كۈن ئىچىدىلا ئۆششۈگەن مايسىلارنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ تېرىدى.



5) ئۇ كېۋەز تېرىلغاندىن باشلاپ ئېتىز بېشىدىن نېرى كەتمەي، كېۋەز پەرۋىشىنى چىڭ تۇتتى. كېۋەز ئۇچىنى ئۈزۈش، تاقلاش، ياۋا شاخلىرىنى يۇلۇش، سۇ تۇتۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە باشتىن - ئاخىر دېھقانلار بىلەن بىللە بولدى.



6) نەتىجىدە، تۇنجى قېتىم سىناق قىلىپ سۇلياۋ يېپىپ تېرىغان كېۋەز ياخشى ئوخشايدۇ. 12 مو يەرنىڭ ساپ پاختا مەھسۇلاتى 2 مىڭ 400 جىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭغا قايىل بولغان دېھقانلار "ياش تېخنىكنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى" دەپ ماختىشىدۇ. (ئو4)

(ئابدۇغوپۇر پولات)



# ئۇسسۇزلۇقنى كۈتمەي ئىچىش

ئابلىكىم غوپۇر

كىشىلەر كۆپىنچە چاغلاردا ئاغزى قۇرۇپ كەتسە ئاندىن سۇ ئىچىدۇ. بۇنداق قىلىش ئادەملەرنىڭ فىزىولوگىيىلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئادەتتە «ئاغزى قۇرۇش» بولسا ئادەم بەدىنىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ تەڭپۇڭلۇق دەرىجىسى نورمالسىزلىنىپ، كىلېتكىلاردىكى سۇ تەركىبىنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئالىي قوماندانلىق ئورگىنى بولغان چوڭ مېڭە مەركىزىي سىستېمىسىنىڭ سۇ تەركىبىنى تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان سىگنالىدۇر.

ئاغزى قۇرۇغاندىن كېيىن ئاندىن سۇ ئىچىش — بۇ خۇددى زىرائەت تېرىغان يەرلەر سۇسىزلىقتىن قاغجىراپ يېرىلىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن سۇغارغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ئەگەر بىز ئاغزىمىز قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلساق، بەدەن يوقاتقان سۇ مىقدارى پۈتۈن بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ پىرسەنتىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كىلېتكىلار نورمالنى فىزىولوگىيىلىك ھالەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كىلېتكىلارنىڭ سىرتىدىكى سۇيۇقلۇقلارنى سۈمۈرۈپ ئالىدۇ-دە، يۈرەككە بولغان بېسىم ئېشىپ كېتىدۇ. تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى يوقاتقان سۇيۇقلۇقى پۈتۈن بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ 15 پىرسەنتىدىن 20 پىرسەنتىگىچە يەتسە ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدىكەن. ئادەم سۇسىزلانغاندا ئۈچەيدىكى شىلىمشان سۇيۇقلۇق كېمىيىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە تەرەت قېتىش كېلىپ چىقىدۇ-دە، توغرا ئۈچەيگە بولغان بېسىم ئېشىپ كېتىپ ئوڭايلا گېمورروي كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىز ھەر كۈنى چوڭ-كىچىك تەرەت، نەپەس ئېلىش، ۋە تەرلەش قاتارلىق ھاياتلىقتىكى نورمال ھەركەتلىرىمىز ئارقىلىق تەخمىنەن 2 يېرىم كىلوگرام سۇيۇقلۇقنى يوقىتىپ تۇرىمىز. بۇ يوقىتۇلغان سۇيۇقلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن شۇنىڭغا مۇناسىپ سۇيۇقلۇقنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەر كۈنى 3 ۋاقلىق تاماق يېيىش ۋە قوشۇمچە مېۋە-چېۋىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن تاشقىرى مۇۋاپىق ھالدا ئۇسسۇزلۇق ئىچىشنى ئادەتلەندۈرۈشىمىز تەن-سالامەتلىكىمىزنى ئاسراش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. (Ә7)

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيدۇ).

### نەشپۈتنىڭ شىپالىق رولى

نەشپۈت — كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان مېۋە. ئۇنى دائىم ئىستېمال قىلىپ بەرگەندە، ئېغىز ۋە تىلغا چاقا چىقىش ۋە گال ئىشىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ھەر كۈنى ئاچ قورساققا بىر نەچچە تال نەشپۈت يەپ بەرگەندە، سۈيدۈكنىڭ قىزغۇچ كېلىش ۋە قەۋزىيەت بولۇشقا شىپا بولىدۇ. نەشپۈتنى پېچىپ كېسىپ، ئوت ياكى سۇدا كۆيگەن جايغا چاپلىسا، ئۇششاق چاناپ، سۇدا قاينىتىپ قىيامىنى ئالغاندىن كېيىن، شۇۋا گۈرۈچكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرسە، بالىلارنىڭ قىزىتمىسىنى ياندۇرىدۇ.



خېلىل كېرەم

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە يولداش ماۋزېدوڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېتنى ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش «پىرىنسىپىغا تايىنىپ يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش»تەك ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويۇپ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، 3 چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان بولسا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ھەممىدىنلا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش»تىن ئىبارەت پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى.

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» دەل ئەنە شۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ مەھسۇلى ۋە ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ مېغىزلىرىق شەرھىلىنىشى. «تاللانما»غا باشتىن ئاخىر ئىزچىل سىڭدۈرۈلگەن توپ يېتەكچى ئىدىيە «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» پىرىنسىپىدۇر.

«تاللانما»دا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوخشىمىغان ئۈچ باسقۇچتىكى تارىخىي مەزگىلدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپىنى ئېلىمىزنىڭ رېئال ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر تەتبىق قىلغان. ئۇ، 1975- يىللىرىدىكى ئەسەرلىرىدە ئەينى چاغدىكى تارىخىي رېئاللىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان مەنىسى چوڭقۇر، ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك چارە تەدبىرلەرنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ھەممىدىن قايتا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشتىن قورقماي، قەتئىي تۈردە «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» كە ئاساسلىنىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ پەيدا قىلغان يامان ئاقىۋەتلىرىنى نۇقتىلىق تۈزىتىش، تېچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەمەلىي قول سالغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ «ھەممە ساھەلەرنى تەرتىپكە سېلىش كېرەكلىكىنى، تەرتىپكە سېلىشتا «غەيرەت بولمىسا بولمايدۇ» غانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىغا خاس سىياسىي جاسارەتنى ئىپادىلەپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ۋەزىيەتنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىغا زور كۈچ چىقارغانلىقى تولۇق خاتىرىلەنگەن.

ئۇنىڭدا يەنە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى يوقىتىپ 3-ئومۇمىي يىغىن ئېچىلغانغا قەدەر مەزگىلدىكى ئەسەرلەردە، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان تاشلىۋېتىلگەن «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش»دىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇزاققىچە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى چىرمىۋالغان دوگماتىزم، سۇبيېكتىپچىلىق، شەخسكە چوقۇنۇش قاتارلىق ئىدىيە جەھەتتىكى قاتماللىق ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ «ئىككى



ئومۇمەن»دىن ئىبارەت خاتا فاكچىن بىلەن تىغمۇ- تىغ كۈرەش قىلغانلىقى، ئۇزاققىچە داۋام قىلغان «سول» ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ تە- سىرىنى تازىلاپ، پۈتۈن پارتىيىنى تۆت ئاسا- سىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا «ئىدىيىدە ئازات بولۇش، ھەقى- قەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش «بىردەك ئىتتى- پاقلىشىپ ئالغا قاراش»قا دادىل يېتەكلەپ، ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىق بۇرۇلۇشنى غەلى- بىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە كۆرسەتكەن غايەت زور تۆھپىسى تولۇق خاتىرىلەنگەن.

«تاللانما»دا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى مۇكەممەل توغرا چۈشە- نىۋېلىش كېرەكلىكىنى، «ئىككى ئومۇمەن» نىڭ ماركسىزىمغا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئەمەلىيەتتە ئاقمايدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولسا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە نۇقسان يېتىدىغانلىقىنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جان تومۇرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر مىللەت ھەممە- دىلا كىتابنى ئاساس قىلىپ، ئىدىيىدە قاتمال- لىشىپ قالىدىغان، خۇراپىيلىقنى ئەۋج ئالدۇر- دىغان بولسا ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

«تاللانما»دا يەنە يولداش دېڭ شياۋپىڭ«ھەق- قەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش»تىن ئىبارەت ئىدىيەۋى لۇشيەننى ئېلىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە پۇختا تەتبىق قىلىپ، ماركسىزىم - لېنىنىزىم ئو- مۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرېتنى ئە- مەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىز- نىڭ يولىدا مېڭىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. (SI)

## «ھەممە نەرسىنىڭ چېكى بولىدۇ»

بىر كۈنى، ماركسنىڭ دوستى كۇگېلمان «كىلىچەك» گېزىتىنىڭ 18 - سانلىق قوشۇمچىسىدە بېسىلىدىن گېرمانىيە بۇرژۇئا دېموكراتىزىمچىسى ياكوبىنىڭ نۇتقىنى كۆرىدۇ، بۇ نۇ- تۇقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ماركس ئە- سەرلىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ماركسنىڭ ئىسمى ئەتەي تىلغا ئېلىنمىغان ئىكەن. شۇڭا، كۇگېل- مان ياكوبىغا خەت يېزىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىز نېمە ئۈچۈن ئاردىستوتىل، دېموكرىت، ئىۋۋېن، گېنتىز ۋە جون ستۇئارت مىل ......لارنىڭلا قىلغان سۆز- لىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئالىم كارل ماركسنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىدىڭىز، يۇقارقى ئادەملەرنى ماركسقا سېلىشتۇر- غاندا، ئارىستوتىلنى ھىسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھېچبىر تىلغا ئالغۇچى- لىكى يوق. بىراق سىز ئەللا ھالدا 19- ئەسىردىكى پاراسەت چىرىغى دەپ ئا- تالغان مۇتەپەككۇرنى تىلغا ئالماپسىز». كېيىنچە كۇگېلمان ياكوبىنى تەنقىت قىلغان بۇ خېتىنى ماركسقىمۇ ئەۋەتىدۇ، ماركس بۇ خەتنى ئوقۇپ تولىمۇ نارازى بولۇپ، كۇگېلمانغا يازغان جاۋاپ خېتىدە مۇن- داق دەيدۇ: «سىزنىڭ ياكوبىغا يازغان خېتىڭىزگە ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇ- لىمەن، بىراق مېنى ھەددىدىن زىيادە ماختايدىغان پائالىيەتلەر كىشىنى تو- لىمۇ يىرگىندۈرىدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ ھامان چېكى بولىدۇ-دە.» (SI)

# ياشلارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش ھېسسىياتى ھۆرمەتلىنىشى كېرەك

تۇراپ ياسىن

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە كىشىلەر ئارىسىدا يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقتىن، كەمكى جاپالىق ئەجىر قىلىپ، ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرسە كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ تۆھپىسىگە تېگىشلىك ئورۇن بېرىدۇ، ۋە ئەل ئىچىدە يۈكسەك ئىززەت، ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. باشقىلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈش كىشىلەردىكى ساغلام ئەخلاقىي ھېسسىياتنىڭ ئىنكاسى. شۇنداقلا ئۆز غۇرۇرىنى قەدىرلەشتۇر. ياشلاردا بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ بولۇشى تولىمۇ قىممەتلىك. ياشلاردا بولىدىغان مۇنداق ئۆزىنى قەدىرلەش ھېسسىياتى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلەپ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئالىيجاناب ئادەم بولۇشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا بىز، ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىشتەك ئۆزىنى قەدىرلەش ھېسسىياتىنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، سوغۇق سۇ سەپمەي بەلكى مۇۋاپىق تۈردە ئىلھام بېرىشىمىز لازىم.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم ماكان ۋە زاماندىن ئايرىلمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئۆزلۈكسىز تۈردە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئەگەر شەيئى تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتسە مۇقەررەر ھالدا ئۆز ئەكسىگە قايتىدۇ. باشقىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇشىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا، شەخسىي نام ئاتاق چىقىرىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسا كىشىلەرنى تولىمۇ يىرگەندۈرۈپ قويىدۇ خالاس. ئەگەر بىرەر ياش نوقۇل باشقىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇش ھېسسىياتىغا بېرىلىپ كېتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئۇيۇشۇپ يېتىلگەنلىكىنى، سەپداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالغا باسقانلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى گۈزەل، باشقىلارنىڭكىنى ئەرزىمەس نەرسە دەپ قاراپ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان بولسا، ئاسانلا قانائەتچانلىق، مەنمەنچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۆزىدە ھۆرمەتلەشكە ئەرزىگىدەك «گۈزەل» نەرسىمۇ قالمايدۇ. شۇڭا نام، مەنپەئەت، ئابروي قوغلىشىشنى كۆزلىمەي خەلقنىڭ ئاددىي چاكىرى بولۇشنى مەقسەت قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغىنىمىزدىلا ھەقىقىي ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيمىز.

كىم پارتىيە خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ، ئاددىي - ساددا ياشاپ، ئاممىنىڭ كىچىك ئوقۇغۇچىسى بولالىدىكەن شان - شەرەپ ھامان شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئاممىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ھەقىقىي تۈردە ئېرىشەلەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايدۇ. (SI)



ئۆي جاھازلىرىنى بەكمۇ نەم ياكى بەكمۇ قۇرۇق يەرگە قويماسلىق لازىم. (ئوچاق ۋە پار تېروبىسىغىمۇ يېقىن قويماسلىق كېرەك.) نەملىشىپ قالسا، ياغاچ ئاسانلا كۆپۈپ كېتىپ، تاتىملار ئېچىلماس بولۇۋالىدۇ. قۇرۇپ قالسا ئۆي جاھازلىرىغا ئاسان دەز كېتىدۇ.

سىرىنىڭ كۆپۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، جوزىنىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان 100 گرادۇستىن يۇقىرى ئىسسىق نەرسىلەرنى قويماسلىق لازىم. شۇنداقلا كېلەلتا، شۇلتا، سوپۇنغا ئوخشاش نەرسىلەرنى قويماسلىق كېرەك. جوزىنىڭ ئۈستى پاسكىنا بولۇپ قالسا، شۇلتا سۈيى ياكى قايناقسۇ بىلەن يۇماسلىق لازىم.

## ئۆي جاھازلىرىنى قانداق ئاسراش كېرەك

پەقەت ھۆل لاتا بىلەن سۈرتۈشكە بولىدۇ.

ئۆي جاھازلىرىنى ئىشلەتكەندە، مەيلى مۇقىم قويۇلىدىغان بولسۇن، ياكى ھەر دائىم يۆتكەيدىغىنى بولسۇن تۈپتۈز قويۇش كېرەك. قىڭغىر - سىڭغىر قويغاندا تىرىنگۇچى قىسىملىرى كاردىن چىقىدۇ.

ئۆي جاھازلىرىنى سىرلاشتىن مەقسەت — چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ياغاچ ماتېرىياللارنى ئاسراش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى بىرقانچە يىلدىن كېيىن يەنە بىر نۆۋەت سىرلاپ، ئۆي جاھازلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۆمرىنى ئۇزارتىش لازىم.

(84KA Ə7)

ھەردىكىمە سوپۇن پاراشوكى ئائىلىلەرنىڭ ئاساسلىق تازىلىق ۋاستىسى بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنى ئىشلەتكەندە مۇنداق ئۈچ مەسىلىگە دىققەت قىلىش لازىم.

1. پاراشوكنى قايناۋاتقان سۇغا ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر پاراشوكنى سۇغا ئارىلاشتۇرغاندا، ئادەتتە قايناۋاتقان سۇ بىلەن بىۋاستە تەڭشەيدۇ، بۇنداق قىلغاندا، پاراشوكنىڭ كۆپۈكى ئازىيىپ كېتىپ، ئۇنىڭ كىر چىقىرىش رولى يوقايدۇ. بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى تېمپېراتۇرا پەرقى گەۋدىلىك بولغاچقا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. پاراشوكنى تەڭشىگەندە، ئالدى بىلەن 50 - 60 گرادۇسلۇق قول كۆيمىگىدەك ئىسسىق سۇ تەييارلاپ، ئاندىن ئۇنىڭغا سوپۇن پاراشوكىنى تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇش لازىم.

## سوپۇن پاراشوكىنى ئىشلەتكەندە...

2. كىر سۈيىنىڭ ئۈستىگە پاراشوك قوشماسلىق كېرەك.

ئەگەر سۇدىكى كۆپۈك يوقاپ، سۇنىڭ رەڭگى قارىيىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە پاراشوك قويغاندا پاراشوكنىڭ كۆپۈكى يوقايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىر چىقىرىش كۈچىمۇ تۆۋەنلەيدۇ.

3. قۇرۇق كىيىمنى پاراشوك سۈيىگە چىلاپ يۇماسلىق كېرەك. ئالدى بىلەن كىيىمنى سۇغا چىلاپ سىقىۋەتكەندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇپ قويغان سوپۇن پاراشوك سۈيۈقلۇقىغا سېلىش لازىم.

(84KA Ə7)

## ۋىتامىن كەمچىللىكىنىڭ ئالامەتلىرى

ئادەمدە ۋىتامىن A كەم بولغاندا تىرناقتا چوڭقۇر، روشەن ئاق سىزىق پەيدا بولىدۇ. چاچ قۇرۇپ، تېرە يېرىكلىشىدۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەيدۇ. بىئاراملىق، ئۇيقۇسىزلىق ھېس قىلىدۇ.

ۋىتامىن B1 كەم بولغاندا: ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازدىن قورقىدۇ، كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

ۋىتامىن B2 كەم بولغاندا: جاۋغاي يېرىلىپ، يارا بولۇپ، تېرە كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ. پۇت - قول قىزىيدۇ، نۇردىن قاچىدۇ.

ۋىتامىن B3 كەم بولغاندا: تىل قىزىرىپ ئىششىيدۇ، ئېغىز سېسىق پۇرايدۇ، ئېغىز يارا بولىدۇ. كەيپىياتى تۆۋەن بولىدۇ.

ۋىتامىن B6 كەم بولغاندا: تىل قېلىنلاپ، باشتا كېپەك ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئېغىز بوشلۇغىدىكى شىللىق پەردىلەر قۇرۇپ كېتىدۇ.

ۋىتامىن B12 كەم بولغاندا: ھەركەتتىكى تەڭپۇڭلۇق ئاسان يوقىلىدۇ، بەدەن مۇقىم بولمىغان ھالدا ئۇ يەر - بۇ يەر ئاغرىيدۇ، بارماق ۋە پۇت بارماقلىرى ئاغرىيدۇ.

ۋىتامىن C كەم بولغاندا: ئېغىزدىكى يارا ئاسان ساقايمايدۇ. چىش تۈۋىدىن قان چىقىدۇ. كالپۇك - تىل يېرىكلىشىدۇ.

ئەگەر يۇقۇرقىدەك ئەھۋاللار يۈز بەرسە، ياخشىسى دوختۇرغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. ۋىتامىنلارنى ئۆز مەيلىچە قالايمىقان يېمەسلىك لازىم. قالايمىقان يېيىلگەن ۋىتامىن ئەكسىچە بەدەنگە زىيانلىق. (84KA Ə7)

## سامساقنى خام يېگەن ياخشى

سامساق — يېمەكلىكلەر خۇرۇچى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ مەلۇم تېبابەت قىممىتى بار. سامساقنىڭ تەركىبىدە تارقىلىۋچان پۇراقلىق سامساق ئانتىسېپتىكلىسى بار بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن كېسەللىك مىكروپلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۈچەي - ئاشقازان كېسەللىكىنى، يىرىڭلىق تېرە كېسىلى، ئېغىز يارىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالىيالايدۇ.

بەزىلەر، خام سامساقنى ئېغىزغا سېلىپ چايقىغاندا ئېغىز ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم مىكروپلارنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، خام سامساق يېگەندە، ھەزىم قىلىشقا ياردىمى بولىدۇ ۋە ئىشتەينى ئاچىدۇ. سامساقنىڭ مىكروپ ئۆلتۈرۈش رولى خېلى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇنى قورۇپ پىشۇرۇپ يېگەندە، ئۇنىڭ مىكروپ ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. شۇڭا سامساقنى خام يېگەن ياخشى، شۇنداق قىلغاندا، ھەزىم بولۇشقا ياردەم قىلىپلا قالماستىن يەنە كېسەللىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەمما سامساقتا ئۆتكۈر پۇراق بولغاچقا، بەزى كىشىلەر ئۇنى خام يېيىشنى خالىمايدۇ. بۇنىڭ ھېچۋەقەسى يوق. سامساقنى خام يەپ بولغاندىن كېيىن، بىرئاز چاي بىلەن ئېغىزنى 3 - 5 قېتىم چايقىۋەتكەندە، سامساقنىڭ پۇرىقى يوقىلىدۇ. (84KA Ə7)




ھۆسەنجان تىلىۋالدى

ئۆتكەن يىل فېۋرال ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى سېستىرا گۈلبانۇم كەچلىك ئىشىدىن چۈشۈپ ئەمدىلا ئاق خالىتىنى كېيىپ تۇرۇشىغا بىر كىشىنىڭ ئىشىكنى ئەنسىز چەككەنلىكىنى ئاڭلايدۇ - دە، دەرھال ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئۇ كىشى «مەمچۇەندىن بىر ئېغىر كېسەلنى ئېلىپ كەلدىم، قۇتقۇزۇۋېلىشقا بولارمۇ؟» دەپ بولغىچە گۈلبانۇم دەرھال ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كېسەلنىڭ ھوشسىز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ شۇ ھامان دوختۇرنى چاقىرىدۇ. دوختۇر تەكشۈرۈپ ياتاققا ئالىدۇ.

ئۇ تىراكتور سوقۇۋېتىش ھادىسىسىگە يولۇققان 30 ياشلار چامىسىدىكى خەنزۇ دېھقان بولۇپ، بەل ئومۇرتقىسى ئۈزۈلگەن ۋە يانپاش سۆڭىكى سۇنغان بولغاچقا قان سىرغىغانلىقتىن شوك ھالەتتە ئىدى. چۇ دوختۇر تەكشۈرۈپ قان بېرىشنى ئېيتىدۇ. بۆلۈمدە زاپاس قان يوق بولۇپ، كېسەلنىڭ ھالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

گۈلبانۇم دەرھال قان ئىسكىلاتىدىن قان ئېلىپ كېلىپ خەنزۇ قېرىندىشىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئىرادىسىگە كېلىپ چۇ دوختۇرغا:

— دوختۇر، مەن ھازىر قان ئىسكىلاتىغا بېرىپ قان ئېلىپ كېلەي، بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق. دېگىنىچە خۇددى ھۇجۇمغا ئۆتكەن قەيسەر جەڭچىدەك قار - شىۋىرغانغا قارىماي يۈگۈرگەن پېتى قان ئىسكىلاتىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ شىرىن ئۇيقىدا ياتقان ئىسكىلاتچىنى ئويغىتىپ ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى ئىسكىلاتچىغا ئېيتىپ ئىسكىلاتتىن 400 گىرام قاننى بوتۇلكىغا قاچىلاپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ دوختۇرخانىغا قايتىپ كېلىدۇ.

تاڭ يورۇيدۇ، ھېچنېمىنى بىلمەي ھوشسىز ياتقان خەنزۇ بىمار قايتىدىن ھوشىغا كېلىدۇ. ئۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قازاق قىزى گۈلبانۇمغا رەھمەت ئېيتىدۇ.

كېسەلنىڭ ئىنىسى جاڭ تاغا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا: «كېچىدىن بېرى جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق بالىغا قايتىدىن ھايات بەردىڭلار، سىلەرنى تەربىيىلىگەن پارتىيىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت» دەيدۇ.



گۈلبانۇم 1980 - يىلى شىنجاڭ مېدىتسىنا شۆيۈەنىنىڭ سېستىرالىق سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان ئىدى. ئۇ شۇندىن بۇيان كېسەللىكلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇ 1982 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سېستىرا بولۇپ باھالىنىدۇ ۋە 4 گۈزەل، 5 بولۇش، 3 نى قىزغىن سۆيۈش بويىچە ئىلغار شەخسى بولۇپ تەقدىرلىنىدۇ ۋە مۇكاپاتلىنىدۇ. (A6)



# نىشان، تىرىشچانلىق ۋە ئۇسۇل



تالانت — تىرىشچانلىقتا دېگەن بۇ سۆزنى چۈشىنىشتە بەكمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك. تىرىشچانلىق (ئىجتىھات) شۈبھىسىزكى، تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ زاتلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم بىر شەرتى بولغان، ئەمما يالغۇز تىرىشچانلىقلا بولۇشى ھەممىگە كۇپايە قىلالمىشى ناتايىن. دۇنيادا يۈكسەك شۆھرەتكە سازاۋەر بولغان ئالىم — ئېينىشتېيىن تالانت ئىگىلىرى بولۇشقا ئىنتىلگۈچىلەرگە مۇنداق بىر فورمۇلانى تەقدىم قىلغان: مۇۋەپپەقىيەت = جاپاغا چىداپ تىرىشىش + توغرا ئۇسۇل + قۇرۇق گەپ ساتماسلىق.

بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تالانت ئىگىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ھەر خىل مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ ئورتاق تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇڭا يالغۇز بىر تەرەپلىما چەك تۇتۇلغان شارائىتتا تالانت ئىگىلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش قىيىنغا توختايدۇ. نىشان تىرىشچانلىق، ئۇسۇل — بۇ ئۈچ تەرەپ تالانت ئىگىلىرى بولۇپ يېتىلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەرتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

نىشان — تالانتنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلىدۇر. يۈكسەك غايىگە ئىگە بولۇش، چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا ئىرادە تىكلەش، زامانىمىز ياشلىرىنىڭ ئالغا ئىنتىلىش ئىپادىسىدۇر. ئەمما قايسى ئىشنى قىلىش، قانداق كەسىپنىڭ ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۆزىنىڭ شەرت-شارائىتىغا ئاساسەن، ئۆز نىشانىنى ھەقىقىي تۈردە تىكلەش لازىم. نىشان بەلگىلەنگەندىن كېيىنكى ھالقىلىق مەسىلە ھەرگىزمۇ «دىلىچ مالالار دۇكىنى» ئاچماسلىق. ئۇنىڭ پايدىسىنى دەپ، بۇنىڭدىن ۋاز كەچمەسلىك.

توغرا ئۇسۇلنىڭ بولۇشىمۇ ناھايىتى مۇھىم. ئۇسۇلنىڭ مۇھىملىقى ئۆلۈك بولماستىن جانلىق بولۇشىدا. ئوخشىمىغان نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، فىزىكا ساھەسىدە بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن ماتېماتىكا بىلىملىرىنى پۇختا ئىگەللەش ۋە تەجرىبە ئىقتىدارىنى ھازىرلاش. چەت تىللارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كۆز ئۆتكۈر، قۇلاق سەگەك، ئېغىز ئىتتىك، قول چاققان بولۇش، پەلسەپىنى ئىگەللەش ئۈچۈن، ئۆتكۈر لوگىكىلىق تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈش. پەقەت جانلىق ئۆگىنىش ئۇسۇلى بولغاندىلا، ئاندىن ئۆگەنگەننى ئىشلەتكىلى، ئالدىنقىلارنىڭ بىلىمى ۋە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن يېڭى ئىختىرا ۋە كەشپىياتلارنى ياراتقىلى بولىدۇ. دۇنيادا سانسىزلىغان تالانت ئىگىلىرى بولۇشقا ئىرادە تىكلىگۈچىلەر ۋە تىرىشىپ ئۆگەنگۈچىلەرلا بار تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا چوڭ ئىختىرا ۋە كەشپىيات ياراتقانلار ناھايىتى ئاز چىقىدۇ؟ بۇ يەردە خىلمۇ-خىل سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر بار. تالانتلىق بولۇپ يېتىشىپ چىققۇچىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ئۇسۇللىرى بولىدۇ. مەسىلەن:



فىزىكىدىكى تارتىش كۈچىنى تەتقىق قىلغان رۇبۇرت، نيۇتونلاردىن پەقەت نىيۇتونلا ئالەمنىڭ تارتىش كۈچىنى بايقىيالىغان. بۇ يەردە نىيۇتوننىڭ ئۆز زامانداشلىرىدىن ئېشىپ چۈشۈدىغان ماتېماتىكىلىق ئۇسۇلى مۇھىم رول ئوينىغان. «كەشپىيات پىشىۋاسى» ئېدىسون ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىنى يەكۈنلەپ: «كەشپىيات بىر پىرسەنت سەزگۈرلۈككە ۋە 99 پىرسەنت تەر قوشۇلىشىدىن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ» دېگەن ئىدى. بۇ يەردىكى «سەزگۈرلۈك» توغرا ئۇسۇلنىڭ جەۋھىرى، بۇ يەردىكى «تەر» شۈبھىسىزكى تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت.

تىرىشچانلىق بولمىسا، تالانت بولمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. تىرىشچانلىق ۋە شىجائەت مۇۋەپپەقىيەت چوققىسىغا چىقىشنىڭ يۈتمەس تۈگىمەس قۇۋۋەت مەنبەسىدۇر. بىراق، تالانت ئىگىلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى نىشان، تىرىشچانلىق، ئۇسۇلدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ۋە تۈرتكىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەگەر بىرەر كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئۇزۇنغا يۈگرەشكە تەقلىت قىلساق، ئۇ چاغدا نىشان ـ ئۇزۇنغا يۈگرەشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئۇسۇل ـ ئەنە شۇ نىشانغا ئېلىپ بارىدىغان يول تىرىشچانلىق كىشىلەرنىڭ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك بەرگۈچى قۇۋۋەت مەنبەسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر.

دېمەك، تىرىشچانلىق ـ تالانتلىق بولۇشنىڭ «يېتەرلىك شەرتى»، لېكىن بىردىن ـ بىرشەرتى ئەمەس. يەنى تالانتلىق بولىمەن دېگۈچىلەر تىرىشچان بولۇشلىرى كېرەك. بىراق تىرىشچانلارنىڭ ھەممىسى تالانتلىق بولۇپ كېتىشلىرى ناتايىن.

(تۇرسۇن روزى رەتلىگەن)(1S)

## ئۆتكۈر بىر ئەرەپ تەمسىلى

ماركس قىزىغا «ئۆتكۈر بىر ئەرەپ تەمسىلى» سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن:

«بىر كېمىچى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريادا كېمە ھەيدەۋاتقان بولۇپ، كېمىدە بىر پەيلاسوپ ئولتۇرغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكىچە سۆزلەر بوپتۇ:

پەيلاسوپ: كېمىچى تارىخنى بىلەمسەن.

كېمىچى: بىلمەيمەن!

پەيلاسوپ: ئۇنداق بولسا يېرىم ئۆمرۈڭنى يوقىتىپسەن!

پەيلاسوپ يەنە سوراپتۇ:

ــ سەن ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلىپ باققانمۇ؟

كېمىچى: ياق.

پەيلاسوپ: ئۇنداق بولسا يېرىمىدىن كۆپ ئۆمرۈڭنى يوقىتىپسەن.

پەيلاسوپ بۇ سۆزنى ئېيتىپ بولۇشىغا، شامال چىقىپ كېمە سۇغا غەرق بوپتۇ. پەيلاسوپ بىلەن كېمىچىمۇ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

كېمىچى:

ــ ئۈزۈشنى بىلەمسەن؟ ــ دەپ توۋلاپتۇ.

پەيلاسوپ: ــ ياق! دەپتۇ.

كېمىچى:

ــ ئۇنداق بولسا سېنىڭ بارلىق ئۆمرۈڭ تۈگەپتۇ! دەپتۇ. ماركسنىڭ بۇ كىچىككىنە مەسىلى ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان كۆز قارىشىنى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇ: ھەر قانداق ئىلىم ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىسا كېرەكسىز نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

ھەر قانداق ئادەم قانچىلىك بىلىملىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر رېئاللىق تۇپرىقىدا ئەستايىدىل پۇختا يىلتىز تارتماي، ھەدەپ كۆرەڭلەپ يۈرىدىكەن، ئۇنداقتا مۇنداق كىشىلەر قانچە بولسا شۇنچە مەغلۇپ بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

(AK 84 Ə7)




ئابدۇكېرىم سىدىق

ئاۋات ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ياش ئۇسۇلچىسى — سەنئەت ئىشقىۋازى ئېزىز ئابلىز 1954 - يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورىچۆل كۆكچى دولان يېزىسىدىكى كەلپىن مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1979 - يىلى 12 - ئايدا ئاۋات ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇ ئۆمەككە كەلگەن 5 يىلدىن بۇيان تىرىشچانلىق بىلەن مەشىق قىلىپ، پۈتۈن ئىشقىنى سەنئەتكە بېغىشلاشتا خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى مۇنەۋۋەر ئارتىستقا ئايلاندى.

ئۇ، بۇ ئۆمەككە كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا تۇنجى قېتىم «كۆكشېمىزنىڭ يېڭى قىياپىتى» دېگەن كومېدىيىلىك ئېيتىشىشتا «غۇلام پاخلان» نىڭ رولىنى تەبىئىي، قىزىقارلىق ئېلىپ چىقىپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا، تەشكىلنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ خىل ئىلھاملاندۇرۇش ئۇنىڭغا نىسبەتەن تالانتلىق ئارتىست بولۇپ يېتىشىپ چىقىشنىڭ ئۇيۇتقۇ شامىنى ياقىدۇ. ئېزىز كىچىك چېغىدىن تارتىپ سەنئەتخۇمار دولان خەلقى ئارىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، سەنئەتكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغاچقا خەلق سەنئىتىنى ھەم سەنئەتچىلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ رەسمىي ئارتىست بولغاندىن كېيىنمۇ خەلق سەنئەتچىلىرىدىن ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى.

ئېزىز ئابلىز بۇ ئۆمەكنىڭ ئاساسلىق ئارتىستلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يالغۇز لەپەر، ئېيتىشىش ۋە كونسېرت - كومېدىيىدىلا رولنى ياخشى ئورۇنلاپ قالماستىن، ھەر قانداق سەھنە ئەسىرىدە تەقسىم قىلىنغان رولنى مەيلى ئىجابىي پېرسوناژ بولسۇن ياكى سەلبىي پېرسوناژ بولسۇن قىزىقارلىق ھەم تەبىئىي ھالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقتى. ئۇ «گۈلنسا» دىرامىسىدا سامساق ئاكىنىڭ رولىنى، «ئۆگەي ئانا» دىرامىسىدا رېيىم باينىڭ رولىنى، «ئارشىن - مال ئالان» دىرامىسىدا ئەسكەرنىڭ رولىنى، «ئانا - بالا» دىرامىسىدا غەيرەتنىڭ رولىنى، «مەسلىھەتچىيى» دىرامىسىدا ئىجابىي باش قەھرىمان ئېزىزنىڭ رولىنى، «سىنىپاق» دىرامىسىدا ئەكبەرنىڭ رولىنى، «ئوردۇق بىلەن سېمىز» كومېدىيىسىدە «يوغان قوساق سېمىز باشلىق» نىڭ رولىنى، «موللا زەيدىن» دىرامىسىدا موللا زەيدىننىڭ رولىنى تەبىئىي، قىزىقارلىق ئېلىپ چىقىپ كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا يۇقىرى ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. سەنئەت گۈلزارىدىكى كەمتەر ۋە تىرىشچان بۇ ياش ئارتىست ئۇدا ھەر يىلى «مۇنەۋۋەر ئارتىست»، «ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 6 نۆۋەت مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. (ə7)

(ئاپتور «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى)



# شىجائەت — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى

ئابدۇۋايىت قاسىم

ياشلاردا سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايە بولۇپلا قالماي، يەنە ھەر خىل پەن - تېخنىكا مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان شىجائەتمۇ بولۇشى زۆرۈر.

ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى تۇرگېنېۋ: «شىجائەت كىشىگە ئەركىنلىكتىنمۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن ئىدى. قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىملار، ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھەممىسىلا شىجائەتكە باي كىشىلەردۇر. شىجائەت — ھەرقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

شىجائەت كىشىلەرنىڭ ھەر خىل قىيىنچىلىقنى يېڭىشتىكى ئىرادە، قەيسەرلىكىنىڭ ئۆلچىمى. بىر ئادەمدە شىجائەتنىڭ بار - يوقلۇغى ئاساسەن ئۇنىڭ مەلۇم بىر مەقسەتلىك پائالىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جاسارىتى ۋە ئىقتىدارىنىڭ بار - يوقلۇغىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بىرەر ئىشنى قىلىشتا مۇستەقىل كۆز قاراشقا ئىگە بولماسلىق، ئوڭۇشسىزلىق ۋە بېسىمغا دۇچ كەلگەندە، بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇش؛ شاختىن - شاخقا قونۇپ، قىيىنچىلىقتىن قېچىپ ئاسانغا يۈگۈرەش؛ قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈپ ئۆز پىكرىدە تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىش؛ تۇرمۇشتا ھورۇن ۋە چېچىلاڭغۇ بولۇش، چۈشكۈنلىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شىجائەتنىڭ بولمىغانلىغى ياكى ئىرادىسىنىڭ ئاجىز بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇنداق كىشىلەر مۇشەققەتلىك ئەمما شەرەپلىك ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئادەمنىڭ شىجائىتى تۇغما شەكىللەنگەن بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى داۋامىدا پەيدىن - پەي يېتىلگەن بولىدۇ، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنى داۋاملىق چېنىقتۇرۇش مۇمكىن.

شىجائەتنى يېتىلدۈرۈشتە ئالدى بىلەن يۈكسەك غايە تۇرغۇزۇش، ئېنىق كۈرەش نىشانىنى بەلگىلەش ۋە بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قوللىنىدىغان چارە تەدبىرلەر بولۇشى لازىم. بىرەر ئىشنى قىلىشتىن ئاۋال شىجائەت بىلەن ئىلمىي ئىشلەشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر ئويلىنىش؛ بۇ جەرياندا دۇچ كېلىدىغان تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى تولۇق مۆلچەرلەش؛ ئەمەلىيەتتە ئىشلەپ كېتىشكە قۇربەت يېتىدىغان كونكرېت پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم. ئۇنداق قىلماي، قارىغۇلارچە ئىش ئېلىپ بارغاندا، شىجائەت تەسىرگە ئۇچرايدۇ. قاراملىق، قىزىققانلىق ھەرگىزمۇ باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك ئەمەس. ياشلارنىڭ زېھنى - قۇۋۋىتى تولۇپ تاشقان بولۇپ، بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئەتراپلىق



ئويلانماستىن قىزىققانلىق بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئىرادىسىنىڭ قەيسەرلىكىنى نامايەن قىلماقچى بولىدۇ. بىلىش كېرەككى، بۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي نەتىجىسىز ئاخىرلىشىدۇ، خالاس.

شىجائەتنى يېتىلدۈرۈشتە يەنە ھېسسىياتنى كونترول قىلىش ۋە تىزگىنلەپ تۇرۇشقا ماھىر بولۇش لازىم. ھېسسىيات بەزىدە ئادەمنىڭ شىجائىتىنى ئۇرغۇتىشى مۇمكىن ۋە ئاجىزلاشتۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئاسانلا ئاچچىقلىنىش، ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇش، قايغۇرۇش، تەقدىرلەنگەندە مەغرۇرلىنىپ خۇدىنى بىلمەي قېلىش، تەنقىدلەنگەندە روھى چۈشۈپ بوشۇشۇپ كېتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىرادىسى ئاجىزلىقنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ياشلار ھەرگىزمۇ ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولماسلىقى، ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلىشقا ماھىر بولۇشى، ھېسسىياتنىڭ ئەكس تەسىرلىرىنى شىجائەت كۈچى بىلەن يېڭىشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم.

ئۇندىن باشقا مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، تەرتىپلىك ۋە قانۇنىيەتلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تۇرغۇزۇش لازىم. تەرتىپلىك ۋە قانۇنىيەتلىك تۇرمۇش ئۇسۇلى بولغاندا، چوڭ مېڭىنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ. مۇستەقىل پىكىر قىلىش — بىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى. تەرتىپسىز، چېچىلاڭغۇ تۇرمۇش ئۇسۇلى مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا دەخلى يەتكۈزۈپلا قالماي، خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە دەم ئېلىشقا نىسبەتەنمۇ ئوخشاشلا زىيانلىقتۇر. شۇڭا، ياشلار تۇرمۇش، ئۆگىنىش، خىزمەتلىرىنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، ئەمەلىي كۈرەش داۋامىدا شىجائەتنى يېتىلدۈرۈپ، ۋەتەننى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۆز كۈچىنى تۆھپە قىلىشى كېرەك. (S1)

## رەڭلىك دېڭىزلار

قىزىل دېڭىز — ئافرىقا قىتئەسى بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز ئاستىدا قىزىل رەڭلىك يوسۇن ئۆسكەنلىكتىن دېڭىز سۈيى ھەمىشە قىزىل كۆرۈنگەچكە قىزىل دېڭىز دەپ نام قويۇلغان.

يېشىل دېڭىز — سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىران ئارىلىقىدا بولۇپ، بۇ جايدا نۇرغۇن يېشىل رەڭلىك يوسۇن ئۆسكەنلىكتىن تولىمۇ گۈزەل بولغان يېشىل رەڭلىك سۇ رايونىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇڭا، يېشىل دېڭىز دەپ نام بېرىلگەن.

سېرىق دېڭىز — مەملىكىتىمىزنىڭ بوخەي دېڭىزى بىلەن شەرقىي دېڭىز ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، سېرىق تۇپراق ئېگىزلىكىدىكى خۇاڭخې دەرياسى نۇرغۇن لاي لاتقىلارنى دېڭىزغا ئېقىتىپ كېتىپ دېڭىز سۈيى سېرىق رەڭلىك كۆرۈنگەنلىكتىن، كىشىلەر بۇ دېڭىزنى سېرىق دېڭىز دەپ ئاتاشقان.

ئاق دېڭىز — شىمالىي قۇتۇپ دېڭىزىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كولا يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان. بۇ دېڭىزنى يىل بويى قار، مۇز قاپلاپ تۇرغاچقا ئۇنىڭغا ئاق دېڭىز دەپ نام بېرىلگەن.

قارا دېڭىز — سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈركىيە ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز ئاستىدا چىرىپ كەتكەن قارا لاتقا بولغانلىقتىن دېڭىزغا شۇنىڭ نامى قويۇلغان.

## ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ ئۇخلاش...

قىسمەن كىشىلەر ئۇخلىغاندا ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ ئۇخلاشنى ياخشى كۆرىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ ئۇخلاش ياخشى ئەمەس. بۇنداق قىلغاندا ئادەمنىڭ بويۇن ئومۇرتقىسى ئاسان ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ. ئويغانغاندىن كېيىن، باش قېيىش، بويۇن ۋە بەل ئاغرىشنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇزاق مۇددەت ياستۇقنى بەك ئېگىز قويۇپ ئۇخلىغاندا، باش قىسمىدىكى قان تومۇرلار سىقىلىپ قاننىڭ نورمال ئايلىنىشى بېسىمغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋال ئادەمدە ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ يۈرەك سوقۇش ئاستىلاپ كېتىپ، يۈرەكنىڭ قان يەتكۈزۈپ بېرىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. (D3)

①

## سوپۇننى كۆپ ئىشلەتسە...

ئايرىم كىشىلەر كىيىم يۇغاندا سوپۇننى كۆپ ئىشلەتسە كىر پاكىز چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى سوپۇن سۇنى يۇمشىتىپ سىلىقلاشتۇرغاچقا كىيىم سوپۇن سۈيىنى تېزلا ئۆزىگە سۈمۈرىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىيىمدىكى كىر ئېرىپ ئاسان چىقىپ كېتىدۇ. بۇ چىققان كىر مازغاپ ئارىلىق سۇ يۈزىگە چىقىدۇ - دە، كىيىم پاكىز يۇيۇلىدۇ. ئادەتتە، سوپۇن سۈيىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى 0·5 پىرسەنتكە يەتكەندە، ئۇنىڭ كىر ئېلىش ئۈنۈمى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر سوپۇن سۈيىنىڭ قويۇقلىقى ئېشىپ كەتسە كىر ئېلىشى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، كىر پاكىز چىقمايدۇ. 2 كىلوگىرام سۇغا پۈتۈن سوپۇننىڭ $\frac{1}{20}$ قىسمىنى ئىشلەتسە ياكى 10 گىرام سوپۇن پاراشۇكى ئىشلەتسە كىر ئېلىش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. (D3)

②

## قايناتقان سۇنى قايتا ئىشلەتسە بولامدۇ؟

بەزى كىشىلەر چايدانىدا ياكى قايناقسۇ ساقلاش باكلىرىدا ئېشىپ قالغان قايناقسۇنى قايتىدىن قايناتىپ ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قالغان. ئۇلار بۇنداق قىلىشنى تازىلىققا رىئايە قىلغانلىق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە قاينىغان سۇنى قايناتقاندا سۇ پارغا ئايلىنىپ، قېتىمىشما ئازوت كېلاتالىق تۇز كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۇ ئادەم سالامەتلىكىگە تولىمۇ پايدىسىز. بۇنداق سۇنى ئۇزۇن مەزگىل ئىستېمال قىلغاندا، ئادەمنى زەھەرلەپ قويىدۇ. مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن جەيبەل قاسقان قازانلىرىدىكى ئۇزاق قايناتقان سۇنىمۇ ئىچمەسلىك كېرەك، شۇڭا بۇ خىل سۇنى قايناقسۇ ئورنىدا قايتا ئىشلەتمەسلىك كېرەك. (D3)

③

## لوندوندىكى «يېڭىلىق»

قاتناش - ترانسپورت قوراللىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى. بىراق، ماشىنىلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشى ئاپەتكە ئايلىنىپ ئۆز ئەكسىگە قاراپ ماڭماقتا. ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندوندا ھەر كۈنى ئىشقا بېرىش ۋە قايتىشتا شەھەرنىڭ ئاساسلىق قاتناش يوللىرىدا ھەر خىل ماشىنىلار يول ساقلاپ ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. ماشىنىلارنىڭ سۈرئىتى پىيادە يولۇچىلارنىڭ تېزلىكىدىنمۇ بەك ئاستا بولغانلىقتىن لوندوننىڭ نۇرغۇن پوچتىخانىلىرى ئات ئارقىلىق خەت - خالتىلارنى يەتكۈزۈپ بەرمەكتە. بۇ ھەقىقەتەن ئەنگلىيىنىڭ نورمالسىز تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئۈچۈن بىر مەسخىرە!

④

## ماشىنا سېستىرا

سېستىرالار يېتىشمەيۋاتقان كەمچىلىكنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ياپونىيەدە بىر شىركەت كېسەللەرگە قارايدىغان بىر خىل ماشىنا ئادەمنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇ خىل ماشىنا ئادەم ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى بىلەن كونترول قىلىنىدىكەن. ئۇ كېسەللەرنىڭ چاي، دورا قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئادەم سېستىرالاردەك ئەكېلىپ بېرىدىكەن. بۇ ماشىنا سېستىرالارنىڭ ھەر بىرسى 19 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بىلەن پۈتىدىكەن. بۇ شىركەتنىڭ قارىشىچە كەلگۈسىدە بۇ خىل ماشىنا ئادەمدىن كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلغاندا، ئۇنىڭ باھاسى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈشى مۇمكىن.

(SHH835 A6)

①

## سۇ قايناتقاندا ....

چۆگۈن ئاستىدىكى قارىنى ساقلاش كېرەك. چۈنكى قارا نەرسە ئاق نەرسىگە قارىغاندا ئىسسىقلىقنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. ئوخشاش مىقداردىكى ئىككى چۆگۈن سۇنى ئوخشاش ئوتتا قايناتقاندا، قارا چۆگۈندىكى سۇ ئاستى ئاق چۆگۈندىكى سۇدىن بۇرۇن قاينايدۇ.

سۇ دېغىنى دائىم تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. سۇ دېغى بىر مىللىمېتىر قېلىنلىسا سەرپ بولىدىغان يېقىلغۇ 5 پىرسەنت ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چۆگۈنگە لىق سۇ ئېلىپ ئازدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئاچچىقسۇ قويۇپ قايناتسا سۇ دېغى ئۆزلىكىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئوتنى مۇۋاپىق ئىگىلەش لازىم. چۈنكى سۇ تەدرىجىي ئىسسىيدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن ئوتنى ئازراق قويۇپ سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىگەندىن كېيىن ئوتنى ئۇلغايتىش كېرەك. (D3)

②

## ئاجايىپ قول چىراق

ئامېرىكىدىكى بىر شىركەت يېقىندا ئۆزىنى قوغدىغىلى بولىدىغان بىر خىل قول چىراق ئىشلەپچىقاردى. ئۇ كىشىلەرگە كېچىدە سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلغاندا ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل قول چىراق بىر ياكى بىر قانچە سۈرەتكە ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان مىكروپېتىكى لامپىدىن، ئېلېكتىر مەنبەسى ۋە نۇر قايتۇرۇش ئىدىشىدىن تۈزۈلگەن. جىددىي خەۋپكە دۇچ كەلگەندە كۇنۇپكىنى باسسىلا، قول چىراق دەرھاللا ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان يورۇتۇش لامپىسىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۈچلۈك نۇر چىقىرىپ، كۆزنى چاقنىتىپ بىر خىل ۋاقىتلىق ھېچنەمىنى كۆرەلمەيدىغان «يالغان قارىغۇ» لۇق ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى خەتەردىن قۇتۇلۇپ ئەرزىنى دەل ۋاقتىدا مەلۇم قىلىدۇ.

(ئەكبەر سىدىق تەرجىمىسى)

③

## قول سائىتى ئىچىدىكى سۇنى....

ئۇزاق تاقاپ يۈرگەن قول سائىتى بەزى ۋاقىتلاردا ئېھتىياتسىزلىقتىن يامغۇردا قالغان، ياكى سۇغا چىلىشىپ كەتكەندە سائەت ئەينىكى ئىچىدە بىر قەۋەت سۇ تامچىلىرى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بۇنداق سۇ ئۆز ۋاقتىدا چىقىرىۋېتىلمىسە سائەت قارتى ساغىرىپ قېلىشى ياكى سائەت توغرا ماڭماسلىقى مۇمكىن.

بۇنداق سائەتنى بىر نەچچە قەۋەت تازىلىق قەغىزىدىن ياكى نەملىكنى ئاسان تارتىدىغان نەرسە بىلەن مەھكەم ئوراپ 40 ۋاتلىق ئېلېكتىر لامپۇچكىسىدىن 5 سانتىمېتىر يىراقلىقتا قويۇپ يېرىم سائەت ئەتراپىدا قاقلىغاندا سائەتنىڭ ئىچىدىكى نەملىك پارغا ئايلىنىپ چىقىپ كېتىدۇ.

(مەھەممەت ئابلا تەرجىمىسى)

④



# مەشھۇر شەھەر - شىئەن

ئىسمايىل مەھەممەت

شىئەن دۇنيادا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن قەدىمقى مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر ۋە قاتناش تۈگۈنى، ھازىر شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى.

شىئەن شەھىرىنىڭ 4 ئەتراپى ھەيۋەتلىك تاغ - دەريالار بىلەن ئورالغان بولۇپ، تۇپرىقى مۇنبەت، بايلىقى مول. شەھەر رايونىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2283 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 2 مىليون 600 مىڭ ئاھالە ياشايدۇ. شىئەن رايونىدا تۇنجى قېتىم بولۇپ جۇ سۇلالىسىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى (1066 - 771) پادىشاسى جى ساڭ ھازىرقى چاڭئەن ناھىيىسىنىڭ ماۋاڭخۇاڭ كەنتىنىڭ يېقىن چېگىسى دېگەن يېرىدە پايتەخت ياساتقان، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى خەنگاۋزۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى (202 - 195) گۇخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، ھازىرقى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە يېڭىدىن بىر پايتەخت بىنا قىلىپ، ئۇنى چاڭئەن دەپ ئاتىغان.

ئېلىمىزدە ئەڭ قۇدرەت تاپقان خەن، تاڭ سۇلالىلىرى ۋاقتىدا چاڭئەن شەھىرى مەملىكەت ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئاۋات شەھەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇ چەتئەللەر بىلەن ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى ئىدى. 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاڭئەن شەھىرىنىڭ شىمالى تەرىپىدە يېڭىدىن گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك بىر شەھەر بارلىققا كەلدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ 2- يىلى چاڭئەن دېگەن نام بىكار قىلىندى. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە چاڭئەن شەھىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولۇپ، شىئەن نامى بىلەن ئاتالدى. 1928 - يىلى شىئەن شەھىرى قىلىپ بېكىتىلدى.

شىئەن شەھىرى كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان، خانلىق مەركىزى ۋە مەركىزىي شەھەر بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، نۇرغۇن مەشھۇر تارىخىي يادىكارلىقلار ساقلىنىپ قالغان: شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە بۇ قەدىمقى شەھەرگە ھەر كۈنى دۇنيانىڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتكە كېلىدىغانلار نەچچە 10 مىڭ كىشىگە يېتىدۇ. ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تارىخىي يادىكارلىقلاردىن «قوڭغۇراق راۋىقى» كىشىنى ئۆزىگە ئاجايىپ مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ راۋاق شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈستىگە چىقىپ قارايدىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى خۇددى بۈگۈندىن بىر نەچچە ئەسىر ئاۋالقى ئاۋات شەھەردە تۇرغاندەك ھېس قىلىسىز. بۇنىڭدىن باشقا شىئەن شەھىرىدە ھازىرغىچە پۇختا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمقى قۇرۇلۇشلار ۋە ئىزلار ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى يۈڭخۇينىڭ 3 - يىلى (657- يىلى) ياسالغان «چوڭ تۇرنا» مۇنارىسىنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى كۈندىمۇ 500 - 600 ئادەم چىقىپ بىمالال سەيلە قىلالايدۇ. 709 - يىلى



سالغان «كىچىك تۇرنا» مۇنارىسى بىلەن «چوڭ تۇرنا» مۇنارىسىنى كىشىلەر قەدىمدىن تارتىپ بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ سىمۋولى قىلىپ كەلمەكتە. بۇ 2 مۇنارىنىڭ ئەتراپىدا مۇشۇ مۇنارغا ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ - كىچىك مۇنارلار ناھايىتى نۇرغۇن. يەنە شىئەن شەھرىدە غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى سىماتيەن (265 - 290) ياساتقان «داشىڭشىئەن ئىبادەتخانىسى» سۈي تاڭ دەۋرىدە بۇددا دىنىنى تەتقىق قىلىش ۋە تارقىتىش ئورنى بولغان. «شاۋتاڭ ئىبادەتخانىسى» چاڭئەندىكى 8 چوڭ مەنزىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئىبادەتخانا ئىچىدىكى بۇددا ئىلمىنىڭ ھەزرىتى كوماراجىۋاغا ئاتاپ ياسالغان «8 گۆھەر قاشتېشى مۇنارىسى» دۇنيادا تېپىلغۇسىز قىممەتكە ئىگە تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سوقۇلغان شەھەر سېپىلى ھازىرمۇ ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ، مۇستەھكەم قەد كۆتىرىپ تۇرماقتا. شىئەن رايونىدا قەدىمقى قەۋرىستانلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەسلى قىياپىتىنى يوقاتماي كەلمەكتە. بۇلار ئىچىدە چىن شىخۇاڭ قەۋرىستانلىقى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مۇزېيخانىلارنىڭ بىرى. شىئەن رايونىدا مۇھىم ساياھەت رايونلىرىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن، بۇلار «شىڭچىڭ باغچىسى»، «ئىنقىلاپ باغچىسى»، «لىيەنخۇا باغچىسى»، «شىئەن ھايۋاناتلار باغچىسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ باغچىلارنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ئىچىدىكى قەسىر، راۋاقلار شۇنچە كۆركەم بولۇپ، ساياھەتچىلەرگە چەكسىز ھوزۇر بېغىشلايدۇ. شىئەن رايونىدا يەنە مەنزىرىسى دۇنياغا مەشھۇر خۇاشەن، سۇيخۇاشەن، نەنشەن قاتارلىق تاغلارمۇ بار.

ئازاتلىقتىن كېيىن شىئەن شەھىرى زور تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا ماشىنىسازلىق ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى مەركەز قىلىنغان يېڭىچە سانائەت ۋە پەن - مەدەنىيەت شەھىرىگە ئايلاندى. ھازىر شىئەن شەھىرى قەدىمقى مەدەنىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپىلەر قوشماقتا.

### مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئۇيقىسى



ناپالېئون: «چوڭ كىشىلەر كۈنىگە 5 سائەت، ياشلار 6 سائەت، ئاياللار 7 سائەت ئۇخلىشى كېرەك. دۆت ئادەملا 8 سائەت ئۇخلايدۇ» دېگەن ئىدى. بۇ سۆزنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشىنى ئاتالمايمەن. ئەمما ناپالېئون ئەمەلىيەتتە ھەر كۈنى كېچىدە 3 سائەتلا ئۇخلاپ بولدى قىلاتتى. ئەمما ئۇ بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ دەم ئېلىشقا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، ئىككى قېتىملىق مېھمان قوبۇل قىلىش ئارىلىقىدىكى بەش مىنۇت ۋاقىتنىمۇ قولدىن بەرمەي، بىرپەس ئۇخلىۋالاتتى. مەشھۇر گېرمانىيە ئالىمى ئالېكساندىر خونبورت ۋە پرۇسىيەدىكى ئىمپېراتور فرىدرىخمۇ ئەنە شۇنداق تېز ئۇخلاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى.

بۇلارنىڭ ئەكسىچە، بەزى كىشىلەر ئۇزۇن ئۇخلاشقا ناھايىتى ماھىر بولغان. ئەڭ گەۋدىلىكى مەشھۇر نېمىس يازغۇچىسى گېتې بولۇپ، ئۇ كارۋاتقا چىققاندىن كېيىن ئۇدا 24 سائەت ئۇخلايتتى. گېرمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرىنچى باش ۋەزىرى بىسماركمۇ 20 سائەتتىن ئوشۇق ئۇخلىيالايدىغان ئادەمدۇر. نېمىس پەيلاسوپى ئارتۇر سىنىپقائېر ئۇخلاشنى «ئۆلۈمگە بېرىلىدىغان ئۆسۈم» دەپ قارايدۇ.

كىشىلەرنىڭ بۇ ئۆسۈمنى ئۇزۇن ۋاقىتتا بەرسە ۋە كۆپ بەرسە ئۇنىڭ كاپىتالىنىمۇ يىغىۋېلىش تەسكە توختايدۇ. سىنىپقائېر: «ئۇخلىمايدىغان تالانتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس» دەيدۇ. (84KA Ә7)

# دۇنيادا مۇنداقمۇ قىزىقارلىق ئىشلار بار

تۈركىيەنىڭ ئەڭ جەنۇبى قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا ناكى دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بازىرى بولۇپ، بۇ جاينىڭ يەر شارائىتى خەتەرلىك بولغاچقا سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىكەن. بۇ يېزا ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھۆكۈمەت، ئەدلىيە، پوچتا باشقۇرۇش ئىشلىرىنى تەشكىللىگەنلىكتىن؛ كىشىلەر بۇ جاينى «ئاياللار دۆلىتى» دەپ ئاتىشىدىكەن.

بۇ جاينىڭ ھەممە يېرى ناھايىتى ئېگىز تاغ بولۇپ، ئاشلىق تېرىشقا مۇمكىن بولمىغاچقا، ئەرلەر ئىلاجىسىز دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئائىلىسىنى باقىدىكەن. بۇ خىل ئادەت ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەچكە يەرلىك قانۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن، شۇڭا، 15 ياشتىن ئاشقان ئەرلەرنىڭ بۇ جايغا ھەر يىلى بىر قېتىملا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنىدىكەن. لېكىن ۋاقتى ھەر يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە بولىدىكەن. پەقەت 7-ئاينىڭ 12-كۈنىلا كوللىكتىپ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپ كاتتا زىياپەت بېرىلىدىكەن. بىراق، تويى بولغان يىگىتلەر 3 كۈندىن كېيىن چوقۇم بۇ جايدىن ئايرىلىشى كېرەك ئىكەن.

ئامېرىكىنىڭ لوۋا شتاتىدا 8 مىڭ ئاھالىسى بار بىر كىچىك شەھەر بولۇپ، ئۇنى يېڭى خوفورت شەھىرى دەپ ئاتايدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ھەممە مۇھىم ئەمەلدارلىرى، مەسىلەن، ساقچى باشلىقى، شەھەرنىڭ باشلىقى، باش نازارەتچى قاتارلىق ئاساسلىق ھوقۇقلاردا ئەرلەرنىڭ ئورنى يوق ئىكەن. 59 ياشلىق ئايال كىنىس. بىرلىمان 4 قېتىم شەھەر باشلىقلىقىغا سايلىنىپ ھوقۇق تۇتقاندىن بۇيان، شەھەرنىڭ بارلىق مۇھىم خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ئاياللار تەيىنلەنگەن. بۇ شەھەرنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى ئاياللار سوراۋاتقانلىقتىن، كىشىلەر بۇ شەھەرنى «ئاياللار شەھىرى» دەپ ئاتىشىدىكەن.

ئەنگلىيىنىڭ ۋېلىس دېگەن جايىنىڭ غەربىي قىسمىدا لىدبۇن دېگەن بىر يېزا بولۇپ، يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان بۇ جايدا پۈتۈنلەي قىز بوۋاقلار تۇغۇلغان، بۇنداق بولىۋەرسە بۇ يېزىدا ئاياللار كۆپىيىپ كېتىدىكەن. ھازىر بۇ يېزىنىڭ ئاھالىسى ئىچىدە ئاياللار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىكەن. ياشانغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ياشلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئاياللار بولۇپ، «ئاياللار يېزىسى» بولۇشقا ئاز قالغان. مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرنىڭ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىگە قارىغاندا، بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇ جايدىكى كىشىلەر ئىستېمال قىلىدىغان سۇ تەركىبىدە كادمىيى بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇنداق سۇنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىۋەرگەندە ئادەم بەدىنىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى قىز تۇغۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىكەن. (D3)



## يېزا ياشلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى بېيىماقتا

غۇلجا شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى 1983- يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ شەھەر ئەتراپىدىكى گۇڭشېلارغا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىپ، يېزا ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ھەر قايسى ئورۇنلار ئالدى بىلەن ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى ئىتتىپاق 11- قۇرۇلتايى ھۆججەتلىرىنى، ئىتتىپاق نىزامنامىسىنى، ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانمىنى ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىتتىپاق ئەزالىرىغا ئىتتىپاقنىڭ مەجبۇرىيىتى، ھوقۇقى، ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈردى.

يېشى ئېشىپ كەتكەن ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئىتتىپاقتىن چېكىندۈرۈپ، ھەر مىللەت ياشلىرى ئارىسىدىكى ئىلغار ياشلارنى ئىتتىپاققا قوبۇل قىلدى. سەۋىيىسى بار، ئىدىيە - ئىستىلدا ياخشى، ئىناۋەتلىك ياشلارنى تاللاپ ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىكىنى سايلاپ چىقتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ياش ئۆسمۈرلەرنى ھەر جەھەتتىن ساغلام يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، 6 گۇڭشېدا 45 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ 76 ئورۇندا ياشلار ئائىلىسى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل كىتاب - ژۇرناللاردىن 14 مىڭ پارچە قويدى. مەدەنىي تەنتەربىيە بويۇملىرىنى سېتىۋالدى. (A6)

(مۇتەللىپ ئەمەت)

## ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن ...

پوسكام ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تۇغچى گۇڭشېدا ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، ناھىيە، گۇڭشې، دادۈيدىن بولۇپ جەمئىي 92 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ ئۇلارنى 18 گۇرۇپپا قىلىپ تەشكىللىدى. گۇڭشې ۋە دادۈي پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سېكرېتارلىرى ھەر قايسى گۇرۇپپىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەر قايسى دادۈيگە بارغاندىن كېيىن كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرىنى مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى 11- نۆۋەتلىك 2- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى، يېڭى ئىتتىپاق نىزامنامىسىنى، شۇنداقلا باشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرۇپ، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مەقسىتى، ماھىيىتى، ۋەزىپىسى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى. ھەر قايسى دادۈيلەردە ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ئىتتىپاق ئەزالىرى ئىچىدىكى مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىشىغا ئىلھام بېرىلدى. تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى كۆپەيتىپ قۇرۇلدى. ئىقتىدارلىق ياشلار ئىتتىپاق ياچېيكىسى ھەيئەتلىكىگە سايلاندى. ياشلارنى بىر قېتىملىق كوممۇنىستىك تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى. (A6)

(ئوسمان ھوشۇر)

# دوستۇم ئورنىڭىزدىن دەس تۇرۇڭ!

سىز ئۆزىڭىزنى يولداش چېن جىڭرۇڭغا، داڭلىق رەسسام چى بەيشى ئەپەندىگە، ئۇلۇغ ئەدىب لۇشۈنگە سېلىشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالامسىز؟ ئېھتىمال، ياق، دەپ جاۋاب بېرىشىڭىز مۇمكىن، چۈنكى ئۇلار تالانت ئىگىلىرى، ئۇلۇغ زاتلار ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەس. لېكىن شۇنداق بىر مۇھىم نۇقتىغا سەل قارىماڭكى، ئۇلارمۇ تاماق يەيدۇ، ئۇخلايدۇ، ھايات كەچۈرىدۇ...... ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئادەملەر بەلكى ئاددىي ئادەملەر!

ماركسنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزى بار، ئۇ بولسىمۇ: بىز يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلۇغ شەخسلەر بىزگە ئېگىز كۆرۈنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا يۈكۈنۈۋالىمىز؟ ئورنىمىزدىن دەس تۇرساق بولمامدىكەن؟

ئىقتىدارلىق ئىلىمنىڭ تەتقىقاتى بىزگە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ھەر بىر ئادەمدە ئوخشاش بولمىغان قابىلىيەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ، يەنى، ھەممە ئادەم كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىدىغان مەشھۇر ئالىملارغا، كەسپ ئەھلىلىرىگە ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. ئەمما، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈن ئىقتىدارلىق كىشىلەر ھامان ئازچىلىق بولۇپ كەلدى؟ بۇ، بىرسى ئىجتىمائىي سەۋەبتىن بولسا، يەنە بىرسى ئۆزىنى كۆمۈپ قويۇشتىن بولغان.

ئالايلۇق يازغان ماقالىلىرىڭىزنى مەشھۇر ئالىملارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشتىن ئىزا تارتىپ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغىنىمىزمۇ بۇنىڭ بىر مىسالى.

بىر شۇنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، چېن جىڭرۇڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئۇلۇغ ماتېماتىكلار قاراپ قويۇپ خۇرسىنىدىغان «گولدباخ قىياسى»غا يۈرەكلىك ھالدا چىڭ ئېسىلىۋالمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتنى قازىنالايتتىمۇ؟ بەيشى ياغاچچىلىقنىلا قىلىپ، باشقا ئىشنى ئويلىمىغان، ئىشلىمىگەن بولسا، ئۇنىڭ رەسىم سىزىشتىكى ئىقتىدارى كۆمۈلۈپ قالماسمىدى؟ لۇشۈن ئەگەر ئۆزىنىڭ دوختۇرلۇقى بىلەنلا شۇغۇللانغان بولسا، يەنە قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايتتى؟ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى: ئۇلارنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئۆزگەرمىگەن بۇ كەسپىي قىزىقىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئوخشاش بولمىغان ھەۋەسلىرى ئۇلاردا يوشۇرۇنغان قابىلىيەت بارلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق بىلىپ كېتەلىشى ناتايىن. دۇنياغا مەشھۇر دراماتورگ شېكسپىر: «بىز كۆپ ھاللاردا سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، نەتىجىدە ئەسلىدە ئېرىشكىلى بولىدىغان پايدىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىمىز» دېگەن ئىدى.

سىز تالانتلىق بولۇشنى ئويلىسىڭىز ئالدى بىلەن تالانتلىق بولۇشنىڭ شەرتى ۋە پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماي، ئىزدىنىش، قەتئىيلىك ۋە يۈرەكلىك بىلەن سىناپ بېقىش ــ ئالىم ياكى پەيلاسوپ، ئەدىب، ناخشىچى، رەسسام......غا ئايلىنىشىڭىز ئەجەب ئەمەس.

سەمىڭىزدە بولسۇنكى، ئورنىڭىزدىن دەس تۇرۇپ ئۆزىڭىزنى ئۇلۇغ كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغىنىڭىزدا، ھەرگىز ھاكاۋۇرلۇق قىلماسلىقىڭىز، كەمتەر بولۇشىڭىز لازىم. چۈنكى كەمتەرلىك ھەقىقەتنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىدۇر. (S1)



ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي زىننەت ئىلىم

قاينام جاپپار ئىشلىگەن



مەتقاسىم ئىبراھىم ئىشلىگەن



ئاغزىدا كۈلكە ـ چاقچاق، قوينىدا پالتا ـ پىچاق

قاينام جاپپار ئىشلىگەن



ئىرشجان ئادەمگە
ۋاقىت غەنىمەت

تېيىپ پاك ئىشلىگەن



بىلىم كۈچ



نىياز كېرەم ئىشلىگەن



بىلىم ـــ كۈچ، بىلىم ـــ ئەقىل چىرىغى

مەھەممەتجان قاسىم ئىشلىگەن



ئوبۇلقاسىم مۆمىن ئىشلىگەن

## لۇشۇننىڭ ئانىسىنى ئەزىزلىشى

لۇشۇننىڭ ئانىسى رومان ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بېيجىڭغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ھەر دائىم شاڭخەيدىن ياخشى رومانلارنى سېتىۋېلىپ ئانىسىغا ئەۋەتىپ تۇراتتى. «لۇشۇن خەت - چەكلىرى» دىكى لۇشۇننىڭ ئانىسىغا يازغان سالام خەتلىرى 50 پارچەدىن ئاشىدۇ. بۇ خەتلەر قىزىقارلىق يېزىلغاچقا، ئانىسىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى. مەسىلەن: بىر پارچە خەتتە خەيىڭنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى سۆزلەنگەن بولۇپ، مۇنداق گەپلەر بار:

«ئۇ ھازىر دۈپ - دۈملاق سەمىرىپ كەتتى، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا گەپ ئاڭلايدۇ. بىر قانچە كۈندە ئۈچ ئىش كۆڭلۈمدىكىدەك بولدى. بىرىنچىدىن، يالغۇز قالمىدىم؛ ئىككىنچىدىن، سۇ جومىكى بۇزۇلۇپ قالسا، غەم قىلمىدىم، ئىشچىلار تونۇش بولغاچقا، چاقىرىپ كېلىپ ياساتقىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بىر ئامغا ئويدۇم...» ئانىسى بۇ خەتنى ئوقۇپ بولا - بولمايلا ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتكەن. (84KA Ə7)

## ماياكوۋسكىي ۋە ئىغۋاگەر ئايال

بىر كۈنى ماياكوۋسكىي پېتېربورگنىڭ نوۋسكىي كوچىسىدا كېتىپ باراتتى. ئۇ تۇيۇقسىز بېشىغا شەپكە كىيگەن، قولىغا ھەميان ئېلىۋالغان بىر ئايالنىڭ ئالدىغا ئادەم يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ پەسكەش تىللار بىلەن بولشېۋىكلارنى ھاقارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ماياكوۋسكىي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بۇ «قۇتراتقۇچى»نىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بارىدۇ - دە، ئۇنى تۇتۇڭلار! تونۇۋالدىم، مېنىڭ پۇل قاپچۇقىمنى ئوغرىلاپ قاچقان ئوغرى دەل شۇ! دەيدۇ...

ھېلىقى ئايال ئالاقزادە بولغان ھالدا: «نېمىدېگەن گەپنى قىلىۋاتىسىز؟ خاتا تونۇپ قالدىڭىز!» دەيدۇ. ماياكوۋسكىي ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ: «ياق، خاتالاشمىدىم، ئۇ دەل گۈللۈك شەپكە كىيگەن بولۇپ، تونۇۋالدىم مېنىڭ 25 رۇبلى پۇلۇمنى ئوغرىلىغان» دەيدۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر ئايالنى مەسخىرە قىلىشقا باشلايدۇ ۋە ئاستا - ئاستا تارقىلىپ كېتىدۇ. بىرمۇ ئادەم قالمىغاندا ھېلىقى ئايال ماشىلىدىغان ھالدا ماياكوۋسكىغا: «ئاھ خۇدايىم ماڭا زەڭ سېلىپ قاراپ بېقىڭ، ئەپەندى، مەن سىزنى راستىنلا بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن - غۇ» دەيدۇ. ماياكوۋسكىي: «شۇنداق ئەمەسمۇ خېنىم، سىز بولشېۋىكنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن بولسىڭىزمۇ ئەكسىچە بولشېۋىكلار توغرىلىق داۋراڭ قىلىشقا باشلىدىڭىز ... مەن ئۆيىڭىزگە قايتقاندىن كېيىن ئاچچىغىڭىزنى ئاشپەز ئايالدىن چىقىرىپ يۈرمەسلىكىڭىزنى نەسىھەت قىلىمەن» دەيدۇ.
(84KA Ə7)

## تولستوينىڭ تۇرمۇش مىزانى

مەشھۇر يازغۇچى تولستوي ياش چېغىدا، ئۆزى ئۈچۈن تۇرمۇش مىزانى بېكىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىككە ئۈندەپ كەلگەن.

مىزانىدا مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى: «مەڭگۈ راست سۆزلەش، تۇرمۇشتا نىشان بولۇش لازىم. ئۆمۈرلۈك، بىرمەزگىللىك، باسقۇچلۇق، ئايلىق، ھەپتىلىك، كۈنلۈك، سائەتلىك، مىنۇتلۇق نىشان بولۇش، چوڭ نىشان ئۈچۈن كىچىك نىشاننى قۇربان قىلىش كېرەك. ئىمكانقەدەر ۋەتەنگە يارىملىق ئادەم بولۇش كېرەك»

تولستوي دەل مۇشۇ مىزانغا قاتتىق رىئايە قىلغانلىقتىن، شۇ ۋاقىتتىكى يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتنىڭ ناچار ئادەتلىرىنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرالىدى.

تولستوي ئۇزۇن مۇددەت تىرىشىش ئارقىلىق، ئاقىۋەت 19 - ئەسىردىكى رۇسىيە تەنقىدىي رېئالىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقتى. (84KA Ə7)

## فېن كامىننىڭ ھەسرىتى

ئامېرىكىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى مەشھۇر ئاۋىئاتسىيە ئالىمى فېن كامىننىڭ ئىلىم - پەندە قوشقان تۆھپىسى زور بولغانلىقتىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 1963 - يىلى باھاردا ئۇنىڭ 81 ياشقا تولغانلىقىنى خاتىرىلەپ، كاتتا مۇكاپاتلاش زىياپىتى ئۆتكۈزگەن. فېن كامىن سەھنىدە مۇكاپات تاپشۇرۇۋېلىپ قايتىپ چۈشۈۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن سەنتۈرۈلۈپ كەتكەن. بۇ چاغدا كەينىدىكى زۇڭتۇڭ دەرھال بېرىپ ئۇنى يۆلىۋالغان. "فېن كامىن شۇ ھامان زۇڭتۇڭنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ مەنىلىك قىلىپ: «مەن پەسكە چۈشكەندە ئەمەس، يۇقۇرىغا يامىشىپ چىققاندا ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئىدىم!» دەپ جاۋاپ بەرگەن.(SI)

## چاغلىق ئىش

ئۇلۇغ دېڭىزچى كولومبو 1492 - يىلى ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى تاپىدۇ ۋە 1493 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىسپانىيىگە قايتىپ كېلىدۇ.
بىر كۈنى كولومبو ئۆزى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن بىر زىياپەتكە قاتنىشىدۇ. زىياپەتتە بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ كولومبوغا: «سىز يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى تاپتىڭىز، ئەمما بۇنىڭدىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرەر ئىشنى كۆرەلمەيۋاتىمەن. ئۇ يەرنى ھەر قانداق ئادەم بېرىپ تېپىۋېرىدۇ. بۇ كارى چاغلىق ئىش» دەيدۇ. كولومبو بىۋاستە جاۋاپ قايتۇرماي، ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىغا بىر تۇخۇم ئالىدۇ- دە، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە: "ئەپەندىلەر، ئاراڭلاردا بۇ تۇخۇمنى تىك تۇرغۇزالايدىغان بىرەر ئادەم بارمۇ؟» دەيدۇ.

كىشىلەر بۇ ئاجايىپ سوئالدىن ھەيران بولۇشۇپ، بىر - بىرلەپ تۇخۇمنى ئېلىپ سىناپ باقىدۇ. ئەمما بىرەرسىمۇ تۇخۇمنى تىك تۇرغۇزالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك: «بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» دېيىشىدۇ.

كولومبو تۇخۇمنى ئېلىپ، ئاۋايلىغان ھالدا ئۇنىڭ ئاستىنى كىچىككىنە تېشىپ، تۇخۇمنى ئوڭايلا تىك تۇرغۇزىدۇ. ئۇ كۆپچىلىككە نەزەر تاشلاپ خاتىرجەم ھالدا: «ئەپەندىلەر، بۇنىڭدىنمۇ ئوڭاي نەرسە بولامدۇ؟ ئەمما سىلەر بۇنى مۇمكىن ئەمەس دەۋاتىسىلەر. بۇ چاغلىق ئىش! يەنى بەزىلەر قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر قانداق ئادەم قىلالايدىغان ئىش» دەيدۇ. (84KAƏ7)

## نوبېلنىڭ يەنە بىر ۋەسىيىتى

نوبېلنىڭ ۋەسىيىتى تىلغا ئېلىنسا كىشىلەر نوبېل مۇكاپاتىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدىن ئىبارەت ئىشىنى ئەسكە ئالىدۇ. ۋاھالەنكى نوبېلنىڭ كۆپچىلىككە مەلۇم بولمىغان يەنە بىر ۋەسىيىتىمۇ بار. پەن - تېخنىكا ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتىغان ئالىم نوبېلنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا رىماتىزىم ۋە يۈرەك كېسەللىكى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇ كېيىنكىلەرنى يۈرەك ئاغرىقىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، 1895- يىلى قالدۇرغان ۋەسىيىتىدە: «چىن قەلبىمدىن راۋۇرلۇق بېرىمەنكى، مەن ئۆلگەندىن كېيىن، دوختۇرلار مېنىڭ كۆك قان تومۇرۇمنى ئوپېراتسىيە قىلىپ مېنى ئەجەلگە مۇپتىلا قىلغان كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ ئاندىن جەسىدىمنى كۆيدۈرۈۋەتسۇن» - دېگەن ئىدى.

نوبېل ئۆزىنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى ئىلىم - پەن ۋە تېچلىق ئىشلىرىغا تەقدىم قىلىپلا قالماي، بەلكى، ئۆز جەسىدىنىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن تېببىي پەن ئىشلىرى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان.(SI)

(تۇرسۇن روزى تەرجىمىسى)



# «قۇمۇل قوغۇنى» دېگەن نام توغرىسىدا

ئابلەت نۇردۇن

بىزگە مەلۇمكى «قۇمۇل قوغۇنى» تاتلىقلىقى، چوڭلىقى ۋە رەڭدارلىقى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە. ئەمما «قۇمۇل قوغۇنى» خەنزۇچە «خامىگۇا» دېگەن نامىنىڭ ئىچكى رايونلارغا قايسى ۋاقىتتا تارقالغانلىقى، تۇنجى قېتىم ئەشۇ نامنى ئالغان قوغۇن ئەسلىدە قۇمۇلنىڭ قوغۇنىمۇ ياكى پىچاننىڭ قوغۇنىمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىككى خىل كۆز قاراش ساقلانماقتا. مەن بۇ ماقالىدا كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئىككى خىل كۆز قاراشنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

1. خىل كۆز قاراشتىكىلەر: «قۇمۇل قوغۇنى» دېگەن نام چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى چيەنلۇڭ (1736 – 1795) دەۋرىدە ئىچكى رايونلارغا تارقالغان، ئەشۇنداق ئاتالغان قوغۇن ئەسلىدە پىچاننىڭ قوغۇنى ئىدى، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا خەنزۇچە مەنبەلەردە يېزىلغان: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ پادىشاسى دەۋرىدە، قۇمۇل ۋاڭى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى پىچاندىن چىقىدىغان قوغۇننى چىڭ ئوردىسىغا سوغا قىپتۇ، پادىشا چيەنلۇڭ ئۇ تاتلىق قوغۇننى يەپ، ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ يېنىدىكى مۇلازىملىرىدىن بۇ قەيەرنىڭ قوغۇنى، دەپ سوراپتۇ. قوغۇن قۇمۇل ۋاڭى تەرىپىدىن سوغا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مۇلازىملار «قۇمۇلنىڭ قوغۇنى» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ نام پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپتۇ دېگەن رىۋايەت خاراكتېرلىك ماتېرىيالنى ئۆزىنىڭ مۇنازىرە پاكىتى قىلىدۇ. ھەممە ئارخىلوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ھازىرغىچە قۇمۇل رايونىدىن قوغۇنغا ئائىت ماددى پاكىت تېپىلمىغانلىقىنى، تۇرپان رايونىدىكى تاڭ دەۋرىگە ئائىت قەۋرىلەردىن قوغۇن شاپىقى ۋە ئۇرۇقى تېپىلغانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلايدىغان ماددى ئاساس قىلىدۇ.

2. خىل قاراشتىكىلەر: «قۇمۇل قوغۇنى» دېگەن نام چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى كاڭشى (1662 – 1722) دەۋرىدە ئىچكى رايونلارغا تارقالغان، ئەشۇنداق نامى چىققان قوغۇن شۇ جاينىڭ قوغۇنى ئىدى، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئۈچ مۇنازىرە پاكىتىنى يەنى چيەنلۇڭ دەۋرىدە يېزىلغان «شىنجاڭدىكى تۆت ئوبلاست ھەققىدە تەپسىرات» تا: «كاڭشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، قۇمۇل سۇلالىمىزگە بەيئەت قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئوردىغا «قۇمۇل قوغۇنى سوغا قىلىشقا باشلىدى» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى، (2) پىچان رايونى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرمىگەنلىكى، يەنە كاڭشىنىڭ 35 - يىلى (مىلادى 1696 - يىلى) ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىغا

سۆيۈملۈك شىنجاڭدا

بەيشەت قىلغاندا، 2 - يىلى چىڭلىق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قۇمۇل ۋاڭى دېگەن ئۇنۋانىنى باقىۋەن-دە قىلىپ بەرگەنلىكى، ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلغان ئەۋلادلىرىنىڭ قۇمۇلدىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان پىچان رايونىنى ئىدارە قىلمىغانلىقى ۋە پىچان رايونى ئىزچىل تۈردە تۇرپان ۋاڭىنىڭ باشقۇ-رۇشىدا بولۇپ كەلگەنلىكىنى؛ (3) چىڭ سۇلا-لىسى دەۋرىدە يېزىلغان كىتاپلاردا شىنجاڭدىن چىقىدىغان قوغۇنلار ئىچىدە قۇمۇل قوغۇنى ئەڭ داڭلىق ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەنلىكى، مەسىلەن، چيەنلۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب جىيۈن ئۆزىنىڭ ھېكايىلار توپلىمىدا: «غەربىي رايوندىكى مېۋە - چىۋىلەر ئىچىدە تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى ئەڭ داڭلىق، دەپ يازغانلىقىنى ئۆز كۆز قارىشىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىككى خىل كۆز قاراشتىكىلەر-نىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان داۋىلىسى ۋە مۇنازىرە پاكىتلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار-نىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە كەسكىن ھۆكۈم قىلىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلى-دۇ. بۇ مەسىلىدىن توغرا ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن، ئىلمىي ساھەدىكىلەرنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىغا؛ قۇمۇل ۋە پىچاندىكى يەرلىك تەزكىرە يېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا ۋە ئاپتو-نوم رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە يېڭى ئىزلىنىش ئېلىپ بېرىشىغا توغرا كېلىدۇ. (M5)

## فرانكلىننىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى

1. تاماق يېيىش ۋە ھاراق ئىچىشتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كېرەك.

2. باشقىلارغا قارىتا سەۋرى- تاقەتچان، يول قويالايدىغان بولۇش لازىم. ئاداۋەت ساقلاشقا بولمايدۇ.

3. كەمسۆز بولۇش، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش كېرەك.

4. بارلىق نەرسىلەر تەرتىپلىك بولۇش، بارلىق ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىش لازىم.

5. ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ، ھۆددە قىلغان ۋەزىپىلەرنى كۆرۈنەرلىك ئورۇنلاش.

6. پۇلنى ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارغا سەرپ قىلىش، بىر تىيىن پۇلنىمۇ خاتا خەجلىمەسلىك لازىم.

7. ۋاقىتنى مەڭگۈ چىڭ تۇتۇپ، پايدىلىق ئىش قىلىش، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق كېرەك.

8. كىشىلەرگە ئەپسانە گەپ قىلماسلىق، سۆز ھەركەتتە بىردەك بولۇش لازىم.

9. توغرا بولمىغان ھەركەت ياكى سەممىيەتسىز ئىشلارنى قىلىپ باشقىلارغا زىيان سالماسلىق لازىم.

10. بەدەن، كىيىم- كېچەك ۋە ئۆيىنى پاكىزە تۇتۇش كېرەك.

11. بەختسىز ئىشلارغا يولۇققاندا، دېلىغۇل بولۇپ ئۈمۈتسىزلىنىپ كەتمەسلىك لازىم.

12. سۆز - ھەركىتىنىڭ ھەر بىر ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولسۇن.

13. كەمتەر، ئەدەپلىك بولۇش (Ə7)




بەزى يولداشلارنىڭ «ۋاقىتنىڭ قىممەتلىكلىكىنى مەنىمۇ بىلىمەن، ئۇنى ھەممىشە چىڭ تۇتقىلى بولمايۋاتىدۇ» دەۋاتقانلىقىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم سەۋەب شۇكى، نۇرغۇن كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئۈمىتنى «ئەتە» گە باغلاپ قويىدۇ ـ دە، «بۈگۈن» گە ئېتىبارسىز قارايدۇ.

ۋاقىتنىڭ باش ئايىغى يوق، كىشىگە تۈنۈگۈن ئۆتۈپ كەتسە ئەتە تېخى يېتىپ كەلمىگەندەك تۇيۇلىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق تۇيۇلىدىغان بولسا ۋاقىتمۇ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. لېكىن بىزنىڭ تۇتۇۋېلىشىمىزغا تېگىشلىكى پەقەتلا «بۈگۈن». چىڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شېئىر «ئەتە ناخشىسى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەتىنىڭ كەينىدە يەنە بىر ئەتە، نىمانچە كۆپ كېلەر بېھىساپ ئۆمۈردە ئەشۇنداق ئەتىنى كۈتەم. ئىشلىرىم شۇ پېتى قالار بىر چەتتە.» ئىنقىلاۋىي قۇربان لى داجاۋ: «مېنىڭچە دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە «بۈگۈن»، ئەڭ ئاسان قولدىن كېتىدىغىنىمۇ «بۈگۈن»، ئۇ ئەڭ ئاسان قولدىن كېتىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈنلا تېخىمۇ قىممەتلىك ھېساپلىنىدۇ» دېگەن ئىدى.

ئېلىمىزنىڭ دۇنياغا مەشھۇر جوڭگوچە رەسىم سىزىش پىرى چى بەيشى ھەر كۈنى رەسىم سىزاتتى. پۈتۈن ئۆمرىدە ساقسىز بولۇپ قالغان ۋە كەيپىياتى ياخشى بولمىغان بىر نەچچە كۈننى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ قەلەم تەۋرەتمىگەن بىرەرمۇ كۈنى يوق. ئۇ 85 ياشقا كىرگەن يىلى، بىر كۈندە بىراقلا 4 پارچە رەسىم سىزغان. چۈشتە توختىماستىن يەنە بىر پارچە رەسىم سىزغان. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەسلىدە ئۇ تۈنۈگۈنكى «دەرس» نى تولۇقلاپ رەسىم سىزغان ئىدى. رەسىمنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دەپ بېغىشلىما يازغان: «تۈنۈگۈن شىۋىرغانلىق يامغۇر ياققاچقا، كەيپىياتىم جايىدا بولماي رەسىم سىزمىغان ئىدىم. بىر كۈننىمۇ بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتمەي دەپ، بۈگۈن ئاشۇنى تولۇقلاپ، بۇ رەسىمنى سىزدىم.»

قەدىرلىك دوست، «بۈگۈن» نى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۈمىدىڭىزنى ئەتىگە قالدۇرۇپ قويغان ۋاقتىڭىزدا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈۋاتقان قەدەم تىۋىشلىرىنى ئاڭلاۋاتامسىز يوق؟

كۆڭلىگە يۈكسەك ئىرادىنى پۈككەن كىشىلەر دەۋرىمىزگە مۇناسىپ كىشىلەر ئەمەس. گەرچە نۇرغۇن ئارزۇلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما، ۋاقىتنى قەدىرلىمەيدىغان، ۋاقىتتىن پايدىلىنىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر يۈكسەك ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇشقا ئىرادە باغلىغان بارلىق دوستلار، ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ماھارىتىنى ئىگەللەپ، ئۆزۈڭىزغا سوزۇلغان ئاي ـ يىللارنىڭ پەلەمپىيىنى بويلاپ، كىشىلىك تۇرمۇش تېغىنىڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقايلى! (A6)

(رۇقىيە تەرجىمىسى)



# ئالەم بوشلۇقىدا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش

قۇياش نۇرىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلا يەر شارىغا يېتىپ كېلەلەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېنېرگىيە مىقدارىنىڭ غايەت زورلۇقىنى ئۇرغۇن كىشىلەر بىلمىسە كېرەك. ئېيتىلىشىچە، قۇياش نۇرىنىڭ بىر سېكونتتا چىقارغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى 5 مىليون 500 مىڭ توننا كۆمۈردىن چىققان ئېنېرگىيىگە باراۋەر كېلىدۇ. شۇڭا، ھازىر دۇنيادىكى 70 تىن ئارتۇق دۆلەت قۇياشتىن ئېنېرگىيە ئېلىش تەتقىقاتىغا كىرىشىپ بۇ جەھەتتە ھەر خىل ئەسلىھەلەرنى بولۇپمۇ قۇياش ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىمۇ قۇرماقتا. بىراق، يەر يۈزىدىكى ھەر خىل قۇياشتىن پايدىلىنىش ئەسلىھەلىرىنى كېچىسى ۋە بۇلۇتلۇق كۈنلەردە ئىشلەتكەندە، ئۈنۈمى بولمىغانلىقتىن، بەزى تەتقىقاتچىلار ئالەم بوشلۇقىدا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ جەھەتتە ئامېرىكا، ياپون، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر سىستېمىلىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى ئومۇمى تەسەۋۋۇرى توك تارقىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە سۈنئىي ھەمراھنى يەر شارى بىلەن تەڭ قەدەملىك بولغان ئالەم ئوربىتىسىغا قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل تەڭ قەدەملىك ئوربىتا سۈنئىي ھەمراھى كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ھېچقانداق تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. بۇ خىل توك تارقىتىش سۈنئىي ھەمراھىغا ماگنىت ئارقىلىق كونترول قىلىش تۇرۇبىسى، ئالاھىدە يۇقىرى چاستوتىلىق ئېنېرگىيىنى چوڭايتىش لامپىسى ۋە تېز تەڭشەش لامپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مىكرو دولقۇنلارنى ھاسىل قىلغۇچى قۇرۇلما ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى مىكرو دولقۇنلارغا ئايلاندۇرۇپ تارقىتىش ئانتېنناسى ئارقىلىق ئۇنى يەر يۈزىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. يەر يۈزىدىكى جۈپ قۇتۇپلۇق لامپىلار گۇرۇپپىسى بىلەن 2 قۇتۇپلۇق لامپىلار گۇرۇپپىسى بىرلەشتۈرۈلگەن توغرا ئېقىم كېيىن توك مەنبەسىگە ئۇلىنىپ ئىشلەتكۈچىلەرنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

نۆۋەتتە، تەتقىق قىلىنىۋاتقان توك تارقىتىش سۈنئىي ھەمراھىنىڭ شەكىللىرى ھەرخىل بولسىمۇ ھەجمى ۋە ئېغىرلىقى ئىنتايىن چوڭ، بۇ خىل زور تىپتىكى نەرسىنى بىر قېتىمدىلا ئالەم بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىش قىيىن بولغانلىقتىن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھەر خىل زاپچاسلىرىنى ئالەم ئايروپىلانى ئارقىلىق يەر شارىدىن بىر نەچچە 100 كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىغا ئېلىپ چىقىپ قۇراشتۇرۇپ ئاندىن يەنە راكېتا بىلەن تەڭ قەدەملىك ئالەم ئوربىتىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەك.

ئالەم بوشلۇقىدا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇزاق ئەمەس بەلكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى رېئاللىققا ئايلانغۇسى. (S1)



# ئۇلارنىڭ يالقۇنلۇق ياشلىق باھارى

ۋات 23 يېشىدا ھور (پار) دىن پايدىلىنىشنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، 29 يېشىدا ھور ماشىنىسىنى كەشىپ قىلغان.

نيۇتون 23 يېشىدا ئالەمنىڭ تارتىش كۈچى نەزەرىيىسىنى ئېلان قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنتېگرال - دىففېرېنسىيال (ۋېيجىفېن) ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 24 يېشىدا كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىقىغا تەيىنلەنگەن.

گوركىي 24 يېشىدا «ماكار چودرا» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ شانلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت تۇرمۇشىنى باشلىغان.

گالىلېي ماتېماتىكا ۋە فىزىكا جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن 25 يېشىدا «زامانىمىزدىكى ئارخىمېد» دەپ نام ئېلىپ، پىزا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىقىغا تەيىنلەنگەن.

ئەينىشتېيىن 26 يېشىدا «تار مەنىدىكى نىسپىلىك نەزەرىيىسى» نى، 36 يېشىدا «كەڭ مەنىدىكى نىسپىلىك نەزەرىيىسى» نى ئېلان قىلغان.

ئېدىسون 22 يېشىدا كۆمۈر قىلىق لامپۇچكىنى كەشىپ قىلغان، ئۇ ئۆمرىدە 1000 خىلدىن ئارتۇق كەشپىيات ياراتقان.

كېلۋىن 24 يېشىدا «مۇتلەق تېمپېراتۇرا بەلگىلىرى» نى ئېلان قىلغان. 27 يېشىدا «ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىش قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ، تېرمودىنامىكا (ئىسسىقلىق دىنامىكىسى) نىڭ 3 - قانۇنىنى ئېچىپ بەرگەن.

كىراشىيۇس 29 يېشىدا تېرمودىنامىكىنىڭ 2 - قانۇنىنى تاپقان.

باكمۇسلىل 15 يېشىدا بىرىنچى ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىسىنى ئېلان قىلغان. 25 يېشىدا ئېلېكتىر ماگنىت مەيدانىنىڭ ماتېماتىكىلىق خاراكتېرىنى شەرھىلەپ «ئىنۇرنىڭ ئېلېكتىر ماگنىت نەزەرىيىسى» نى ئېلان قىلدى. ئېلېكتىر ماگنىت ئىلمىي نەزەرىيىسىنى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرتكەن.

شېن كو (ئېلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىمى) 23 يېشىدا چوڭ كۆلەمدىكى «100 ئۆستەڭ تۇغىنى (شۇجۇبەيچۇي)» قۇرۇلۇشىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، 700 مىڭ مو يەرنى سۇغارغان.

خۇالوگېڭ 14 يېشىدىن باشلاپ ماتېماتىكىنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. 22 يېشىدا چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ خىزمەت قىلغان، 25 يېشىدا دۇنيا بويىچە ئاتاقلىق ماتېماتىكا ئالىمى بولۇپ يېتىشكەن.

چېن جىڭرۇي 23 يېشىدا 2 + 1 نى ئىسپاتلاپ چىقىپ ماتېماتىكا ئاسمىنىدىكى گىگانت چولپان بولۇپ قالدى.

خۇيىەنتىڭ (چاڭشا تۆمۈريول ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ياش ماتېماتىكا ئالىمى) ماتېماتىكا ئالىملىرى 40 يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئىزلىنىپ كېلىۋاتقان Q جەريانىنىڭ بىردىنبىر مىزانىنى ھەل قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ نەزەرىيىسىگە چەتئەل ئالىملىرى «خۇ ئېنىقلىمىسى» دەپ نام بەرگەن. 1978 - يىللىق دىلسۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. (A6)

## ئۇ ياش ۋاختىدا



# ئىشىنىڭ، ئىشەنمەڭ، ئېھتىيات ئۈزشىرزدە...



جۇدن، دېڭىز يۇلتۇزى، قۇلۇلە قاتارلىقلار-نىڭ قۇلىقى گاس بولىدۇ.

بارلىق چوڭ تىپتىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىچىدە شىرنىڭ يۈرىكى ئەڭ كىچىك بولىدۇ.

ئۆمۈچۈكنىڭ قان بېسىمى ئادەمنىڭ قان بېسىمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

يۇنۇس بېلىقىنىڭ 96 دانە چىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېمەكلىكلەرنى پۈتۈن يۇتىدۇ.

يىلان ھەرقېتىم قاسراق تاشلىغان چاغدا، كۆزىنىڭ يۇمشاق سىرتقى قەۋىتىمۇ سويۇلۇپ چۈشىدۇ.

يەر شارىدا تەخمىنەن 450 خىل گۆشخور ئۆسۈملۈك بار.

بارلىق ھايۋاناتلارنىڭ يېغى تۇخۇم سېرىقى رەڭگىدە بولىدۇ. پەقەت تىمساقنىڭلا يېشىل رەڭدە بولىدۇ.

قۇشقاچ گەرچە كىچىك جانىۋار بولسىمۇ، لېكىن بويۇن ئۇستىخىنىنىڭ سانى زىراپىنىڭ بويۇن ئۇستىخان سانىدىن بىر ھەسسە كۆپ بولىدۇ.

قومچاقلارنىڭ تېنىدە يود ماددىسى كەم بولسا پاقىغا ئايلىنالمايدۇ.

شەپەرەڭنىڭ ئۇچۇش ماھارىتىگە ھەرقانداق زامانىۋى ئۇچۇش تېخنىكىسى يېتىشەلمەيدۇ، ئۇ ئىنتايىن كىچىك دىئامېتىرلىق چەمبەر شەكلىدە ئايلىنالايدۇ، تېز سۈرئەتتە ئۇچۇۋېتىپ بىراقلا توختىيالايدۇ ھەمدە شۇ ھامان يەنە تېز سۈرئەتتە ئۇچالايدۇ.

كۆچمەنچى قۇشلارنىڭ دەم ئالماي ئۇدا ئۇزاققا ئۇچۇش مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونلىرى تېنچ ئوكيان قۇشلىرى بولۇپ، بۇ قۇشلار ئالېئۇن تاقىم ئاراللىرىدىن بىراقلا ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىغا ئۇچىدۇ. ئۇدا ئۇچۇش مۇساپىسى 4500 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئادەتتە ھەممە ھايۋاننىڭ كۆز قارىچۇقى ئوياق - بۇياققا مىدىرلايدۇ، لېكىن مۈشۈك ياپىلاقنىڭ كۆزى مىدىرلىمايدۇ، ئۇنىڭ بېشى ناھايىتى ھەرىكەتچان بولۇپ، 180 گرادۇس ئايلىنالايدۇ. ئۇ بېشىنى بىراقلا ئارقىغا بۇراپ كەينىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ.

پاقىلار سۇدا تۇرمۇش كەچۈرگەن بىلەن ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن سۇ ئىچەلمەيدۇ. ئۇ، ئۆزىگە كېرەكلىك سۇنى تېرىسى ئارقىلىق سۈمۈرۈۋالىدۇ.

تورنا ھەرقېتىم ئىككى تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇمنىڭ بىرىنى ئەركىكى، يەنە بىرىنى چىشىسى ئېلىپ كېتىپ بېسىپ چىقىرىدۇ. بىر ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن تۆتىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ كۆرۈشىدۇ.

پارىژدىكى ئاتاغلىق ئەيفېل مۇنارىسى پەقەت كېچىسىلا تىك تۇرىدۇ. ئەتىگەندىكى 150 مىللىمېتىر غەرپكە، چۈشتە 100 مىللىمېتىر شىمالغا، كەچقۇرۇن 70 مىللىمېتىر شەرققە يانتىيىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنارغا چۈشكەن كۈن نۇرىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. بۇ مۇنار قىش كۈنلىرى ياز كۈنىدىن 17 سانتىمېتىر قىسقىرايدۇ. (DZHWJ8312) (SI)

(ئابلىمىت مەھەممەت تەرجىمىسى)



# يۇمۇرلار

## تاماكا چېكىش

ئا: ئاداش، سەن داۋاملىق ئالىي سۈپەتلىك تاماكىلارنى چېكىدىكەنسەن - ھە؟

ب: كىچىم سۆلەت، تاماكا دۆلەت دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ!؟

## ھازىرقى ئىسمى

— ۋۇي، بۇ قانداق ئىش! قاسىمكامنى شۇنچە ئۈنلۈك چاقىرسام ئاڭلىمايدىغۇ!؟

— بەلكى ئىسمىنى تاپالمىغانسەن.

— نېمە؟ ئۆز ئىسمى قاسىم بولماي نېمە؟

— ھەي ئەخمەق، قاسىم دېگەن كونا ئىسمى، ھازىرقى ئىسمى قاكوجاڭ.

## باشقىلارغا غادىيىش ئۈچۈن

ئا: — ساقىجان، سەن باشلىق ۋەزىپە تاپشۇرغاندا «خوش» دەپ ئېگىلىپ كېتىدىكەنسەنغۇ؟

ب: — باشقىلارغا غادىيىش ئۈچۈن - دە.

(دولقۇن ھامۇت)

## خۇلاسە يېزىش

چاڭجاڭ: كاتىپ سىز ئەتە ھەر قايسى سېخلارغا چۈشۈپ گۇرۇپپا باشلىقلىرى ۋە ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ ئۆگۈنلۈككە ماڭا بىر ياخشى خۇلاسە ماتېرىيال يېزىپ بېرىڭ.

كاتىپ: نېمە توغرىلىق يازىمەن؟

چاڭجاڭ: زاۋۇت رەھبەرلىگىنىڭ خىزمەت ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىپ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئاممىنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئاڭلىغانلىغى توغرىسىدا.

(رىشىت راخمان)

## داۋاملاشتۇرايلى

— ئاجۇربىن، ھەممەيلەن يىغىندىن قېچىپ كېتىۋاتىدۇ.

— نېمە؟ سېپىخىنىڭ ئىچىگە بۆرى كىرىپتۇ؟

— ياقسۇ، يىغىن ۋاقتى بەك ئۇزۇراپ كەتكەن بولسا كېرەك.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئۇنداق بولسا، 5 مىنۇت دەم ئېلىپ داۋاملاشتۇرايلى.

## شىم پۇتىكىچە

— ئۇستام تىككەن شىمىڭىز بەك تار كېلىۋاتىدۇ، خاتا ئۆلچىنىپ قالغانمۇ نېمە؟

— ياق، خاتا ئويلاپسىز، مەسىلە ئۆلچەشتە ئەمەس، گەپ شىم پۇتىكىچە ئۆزىڭىزنىڭ سەمرىپ كەتكەنلىگىڭىزدە.

## تەرجىمان تاپاي

— سىز ھەمىشە يىغىندا بىر خىل، تاشقىرىدا بىر خىل سۆزلەيدىكەنسىز، تىلىڭىزنى زادىلا چۈشىنىپ كېتەلمىدىم.

— ئۇنداق بولسا بولماپتۇ، بۇندىن كېيىن تەرجىمان تاپاي.

## تەڭ ئېلان قىلىنىپتۇ

— خۇشخەۋەر! سىزنىڭ «يۈرەك سۆزى» ڭىز ئىككى ژورنالدا تەڭلا ئېلان قىلىنىپتۇ.

— ئاغزىڭىزغا ياغ، بۇ ئەسىرىم ھەر ئىككىسىگە ياراپ قاپتۇ - دە؟

— ئىككى ئورۇنغا تەڭ ئەۋەتكەنمىدىڭىز؟

— نەدىكىنى؟! بىرسى يەنە بىرسىدىن كۆچۈرۈپ باسامدۇ؟

(تۇرسۇن نىياز)

## يۇمۇرلار

### مەسلىھەت

بىر كېسەل كىشى بىرىنچى قېتىم دوختۇرغا كۆرۈندى.

— سەن ماڭا كېلىشتىن ئىلگىرى، كېسەللىكىڭنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىرەر كىمنىڭكىگە بېرىپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى دوختۇر.

— دوقمۇشتىكى دورا پۈرۈشنىڭكىگە بارغان ئىدىم، — دەپ جاۋاپ بەردى كېسەل كىشى.

— دوختۇر ئۆز غەزىۋىنى يوشۇرمىغان ھالدا:

— ئۇ قاپاقۋاش ساڭا نېمە دەپ ولمىغۇر مەسلىھەت بەردى؟ — دەپ ھۆكۈردى.

— ئۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا بېرىشنى مەسلىھەت قىلدى.

### ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى

ئوقۇتقۇچى: لاررى، سەن لېفت ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلەمسەن؟

ئوقۇغۇچى: ئەلۋەتتە سۆزلەپ بېرەلەيمەن مۇئەللىم. لېفت دىگەن كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىشىكنى ياپسىڭىزلا، ئۈستۈنكى قەۋەتلەر پەسكە چۈشۈشكە باشلايدۇ.

### ئەڭ تۆۋەن نومۇر

فرانكى: مۇئەللىم، مەن بۇ قېتىمقى سىناقتا نۆل ئالماسمەن؟

ئوقۇتقۇچى: مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، فرانكى، بىراق، بۇ مەن تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ئەڭ تۆۋەن نومۇر - دە.

### ۋالاقتەككۈر خوتۇن

بىر زىياپەتتە چارلىز ھاماقەت بىر خوتۇننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ خوتۇن ۋالاقلاپ زادىلا تىنمىدى، خېلى ۋاقىتتىن كېيىنلا ئۇ يېنىدىكى بۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە قىلچىمۇ پەرۋا قىلمىغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا كايىدى.

— مەن سىزگە شۇنچە جىق گەپلەرنى دەپ بەرسەممۇ، قىلچە ئېچىلماي ئولتۇرسىزغۇ!؟

— شۇنداق خېنىم، بىراق، مېنىڭ بېرىقى يېنىمدا ئولتۇرغان بۇ ئەپەندىم تازىمۇ ئېچىلدى، — دەپ جاۋاپ بەردى چارلىز، — چۈنكى، سىزنىڭ گەپلىرىڭىز بۇ قۇلىقىمدىن كىرىپ ئۇ قۇلىقىمدىن چىقىپ تۇردى.

(يۇنۇس ئىلياس تەرجىمىسى)

### سائەت 12 دە كېلىڭ

ئا: خوجايىن، سىزنىڭ بۇ مېھمانخانىڭىزنىڭ خالاسىدا چىۋىن بەك كۆپ ئىكەن، ئادەمگە زادى ئارام بەرمەيدىكەن.

ب: سىز بۇدو ئەتىگەندىلا خالاغا كىرىۋالماڭ.

ئا: ئۇنداقتا قانداق ۋاقىتتا كىرسەم بولىدۇ؟

ب: ئەڭ ياخشىسى چۈش سائەت 12 دە كىرىڭ، ئۇ چاغدا چىۋىننىڭ ھەممىسى تاماقخانىغا كېتىدۇ.

(دىلشات جاپپار تەرجىمىسى)

## يۇمۇرلار

# يېزا ياشلىرىنى ئىلىم-پەن ئۆگىنىشكە يېتەكلەش كېرەك

تۇرسۇن ئىبراھىم

ئارتىمىزنىڭ يېزىلاردىكى ھەر خىل ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ئەمەللىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كەڭ يولى ئېچىلغانلىقتىن، يېزا ياشلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى بارغانسېرى ئۆسمەكتە. ئۇلار بۇرۇن مۇستەقىل ھالدا تېرىقچىلىق قىلىپ كۆرمىگەچكە ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن چوڭ تۇتۇش قىلىشنى ئويلىسىمۇ، بىراق كۆڭلىدە ئېنىق سان يوق. ئۇلار، دېھقانچىلىقنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن پېشقەدەملەرنىڭ كونا تەجرىبىسىگىلا تايىنىشنىڭ ئەنئەنىچىلىك ئەمەسلىكىنى، پەنگە تايىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چىندىن ھېس قىلىشماقتا. شۇڭا ھازىرقى ۋاقىتتا يېزا تېخنىكلىرى دېھقانلارنىڭ ئەتىۋارلىق «كىشىسى»گە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن بۇنداق كىشىلەر يېزا ئاساسىي قاتلاملاردا ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ھەممە ئائىلىلەر ئۇلارنىڭ شەپقىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كەڭ ياشلار ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىدىن مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلىشماقتا. ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردىمىگە تېخىمۇ مۇھتاج بولماقتا.

ھازىر يېزىلاردا ئىلگىرىكىدەك 360 كۈن ئىشلىسىمۇ ئىش تۈگىمەيدىغان ھالەت ئۆزگەردى. بۇرۇن ئىشقا سەھەر چىقىپ، كەچ قايتقاچقا بوش ۋاقىت ناھايىتى ئاز ئىدى. ئىتتىپاقنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشمۇ بەك قىيىنغا چۈشەتتى. ھازىر ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۆستى، ياشلارنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى بوش ۋاقتى كۆپەيدى. دېمەك ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوبدان شەرت-شارائىت يارىتىلدى.

بىر قىسىم جايلاردىكى ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى ياشلارنىڭ تەلەپ ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپ، ھازىرقى ياشلار ئائىلىسىنى بازا قىلغان ئاساستا كەڭ يېزا ياشلىرىنى پەن ۋە تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغان، ئالاھىدە بىلىمى بارلارنى ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكا بىلىملىرى ھەققىدە دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. ياشلار بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. بۇ ناھايىتى ياخشى بىر باشلىنىش، بۇنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

ھازىر يېزىلاردا ياشلارنىڭ پەن-تېخنىكىلارنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى، شۇڭا بۇنداق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشنى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى لازىم. بۇ شۇنداقلا يېزىلاردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئابرۇيىنى تىكلەشتىكى مۇھىم تەدبىر. بىز پەقەت تىرىشىپ ئىشلىسەكلا، يېڭىلىق يارىتىشتا جۈرئەت قىلالىساقلا، چوقۇم يېزا ئىتتىپاق خىزمەتلىرىدە يىپ-يېڭى ۋەزىيەتنى يارىتالايمىز. (SI)






ئامېرىكىنىڭ كېنتاك ئىشتاتى داشۆسىنىڭ بىر مېدىتسىنا ئالىمى 1960-يىلى، كېنتاك ئىشتاتىدىكى تاغ ئىچىدە بىر غەلىتە قەبىلىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. بۇ قەبىلە كىشىلىرىنىڭ تېرىسى كۆكۈش بولۇپلا قالماي، قېنىمۇ كۆك رەڭلىك ئىكەن.

ئەسلىدە، دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقان بۇ قەبىلە بىر جەمەت ئىكەن. ئۇنىڭ يىراق ئاتا - بوۋىسى فرانسىيىدىن بولۇپ، دەسلەپكى بوۋىسى كىچىك چېغىدا تېرىسى غەلىتە بولغانلىقتىن ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن. ئۇ دەسلەپتە سەرسان بولۇپ تىلەمچىلىك قىلىپ جان باققان. 1800-يىلى، ئۇ بىر سودا كېمىسىگە ياللىنىپ ئامېرىكىغا كېلىپ قالغان. ئۇ قانۇنسىز ھالدا چېگرىدىن ئۆتكەچكە ۋە بۇ يەرنىڭ تىلىنىمۇ بىلمىگەچكە ھەمدە تېرە رەڭگىمۇ ئۆزگىچە بولغاچقا، كېنتاك ئىشتاتىدىكى تاغ ئىچىدە يوشۇرۇن ھالدا تەنھا ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. بىر قېتىم ئۇ تاغدىن چۈشۈپ ئۇزۇقلۇق ئىزلەپ يۈرگىنىدە، رەڭگى دەل ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش تېرىلىك بىر قىزغا ئۇچراپ قالغان... شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىسىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى، 1960-يىلى باشقىلار تەرىپىدىن بايقالغىچە 200 دىن ئارتۇق كىشىگە يېتىپ، دۇنيادا ئۆزگىچە ئىرق بولۇپ قالغان.

ئالىملار ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتى ئارقىلىق، كۆك ئىرقلىق كىشىلەرنىڭ قېنىدا، باشقا كىشىلەردە بولىدىغان بىر خىل ئالاھىدە فېرمېنتنىڭ كەملىكىنى، بۇ فېرمېنتنىڭ دەرىجىدىن يۇقىرى «قان كۆرۈپپىسى ئاقسىلى» دىكى بىر خىل كۆك رەڭلىك خىمىيىۋى ماددىنى يوقىتىدىغانلىقىنى بايقىغان. كۆك ئىرقلىق كىشىلەردە بۇ خىل ئالاھىدە فېرمېنت بولمىغاچقا، قان تەركىبىدىكى دەرىجىدىن يۇقىرى «قان كۆرۈپپىسى ئاقسىلى» دىكى كۆك رەڭلىك خىمىيىۋى ماددا زور مىقداردا يىغىلىپ قان ۋە تېرىنى كۆك رەڭگە كىرگۈزۈپ «ئىچ - سىرتى بىردەك» بولغان كۆك ئىرقلىق كىشىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. (SI)

## مىسىرلىقلارنىڭ «يىڭنىسى»

مىسىرنىڭ بەزى ماگىزىنلىرىدا چۈشتىن كېيىنكى سائەت 3 تىن 5 كىچە بولغان ئارىلىقتا خېرىدارلارغا "يىڭنە" ساتمايدىكەن. ئەگەر يۇقىرى باھادا سېتىۋالماقچى بولسىڭىز دۇكان خوجايىنى ھەرگىز سېتىپ بەرمەيدىكەن. ئاياللارمۇ كەچتە يىڭنە ئىشى قىلمايدىكەن. چۈنكى كەچتە يىڭنە ئىشى قىلسا ئاپىسىغا بالايى - قازا كېلىدۇ - دەپ قارايدىكەن. بەزى چاغلاردا شەھەر سودا بازارلىرىدا كۆزى ئېچىلماي قالغان كېرەكسىز يىڭنە سېتىلىدىكەن. ياشانغان كىشىلەر بۇنداق يىڭنىنى بالايى - ئاپەتنى قوغلىغۇچى دەپ قاراپ، سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى بەكمۇ قەدىرلەيدىكەن.



# ھەۋەس توغرىسىدا ياشلار بىلەن سۆھبەت

ئابدىكېرىم سايىم

ھەۋەس، كىشىلەرنىڭ ئىختىيارى يوسۇندا مەلۇم پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى بىر خىل رازىمەنلىك خاھىشىدۇر. ھەر بىر كىشىدە ئۆزىگە خاس ھەۋەس بولىدۇ. لېكىن ھەۋەسنىڭ كىشىلەر ئىنتىلىدىغان ساغلام،ئەھمىيەتلىكلىرىمۇبار، ۋە كىشىلەر سەسكىنىدىغان، ئۆچ كۆرىدىغان رەزىل، پەسكەشلىرىمۇ بار. بىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز پۇل، مال، دۇنياغا، ھەر خىل يامان بولمىغۇر ئىشلارغا قىزىقىدىغان، غەرب بۇرژۇئا تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوغلىشىدىغان پەس - چاكىنا ھەۋەس بولماستىن بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە پايدىلىق بولغان، شەخسنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولغان ئالىي جاناب ھەۋەستۇر.

قەدىمدىن تا ھازىرغىچە پەننىڭ تەرەققىياتىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھەممىسىدە قىزىقىش ۋە ھەۋەس بولغان. دارۋىن كىچىك چېغىدا ماتېماتىكىنى ياخشى ئۆگەنمىگەن، داشۆيگە كىرگەندىمۇ ياخشى ئوقۇمىغان. لېكىن شىكارغا چىقىش، ساياھەت قىلىش، ئەۋرىشكە توپلاشقا بەكمۇ قىزىققان. ئۇنىڭ مۇشۇنداق «ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللانماسلىق» ھەۋىسى پەننىڭ چوققىسىغا چىقىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغان.

بەزىلەر: «كەسپ قىزىقىشقا تايىنىپ ۋايىغا يېتىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ، سۆز ئورۇنلۇق ئېيتىلغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەر ئۈستىدە ھارماي - تالماي ئىزلىنىپ، تاشلىۋەتمەي تەتقىق قىلىپ، ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرغاندىلا ھەر قانداق ئىلىمنىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىققىلى بولىدۇ.

بېيجىڭ رەسەتخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى دۇەن يۈەنشىڭ ئەسلى يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياش بولۇپ كېچىگەندىلا ئاسمان جىسىملىرىغا قىزىقىپ، پەننىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىقىشقا بەل باغلىغان. ئۇ، غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، 16 يىل ئىچىدە 100 پارچىدىن ئارتۇق ئاستىرونومىغا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىپ مىليون خەتلىك ماتېرىيال توپلاپ، ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئاخىرى دۇنيادا يېڭى يۇلتۇزنى كۆز بىلەن بايقايدىغان ساناقلىق كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى تۇغما بولمايدۇ. ئۇ تۇرمۇش، ئەمەلىيەت داۋامىدا تەدرىجى شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ. ھەر قانداق شەخسنىڭ ھەۋىسى جەمئىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەخسى ھەۋەس ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم. شۇڭا، ياشلار بىرەر نەرسىگە ھەۋەس قىلغىنىدا ئالدى بىلەن شۇ نەرسىنىڭ جەمئىيەتكە، باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە بولغان پايدا زىيىنى ۋە تەسىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەك. (S1)



# ئىستىمال قىلىنىشى زور ئوزۇقلارغا دىققەت قىلايلى

ئادەم بەدىنى ئېھتىياجلىق بولغان ئېنېرگىيىنىڭ 70% ى قەندىن كەلسە قالغىنى ياغ ۋە ئاقسىل ماددىسىدىن كېلىدۇ، مېڭە توقۇلمىلىرى سەرپ قىلىدىغان ئېنېرگىيىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەننىڭ پارچىلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك قەن ئاساسەن ئىستېمال قىلىنغان تاماقلارنىڭ گىلىكوزىغا ئايلىنىشى ئارقىلىق پۈتۈن بەدەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەن — ھاياتلىقنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن قەننى قانچە كۆپ يېسە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ شۇنچە زور بولىدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتلىشىچە: قەننى ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېيىش پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەزى ئاۋارىچىلىقلارنىمۇ كەلتۈرىدۇ.

ئۇنداقتا، قەننىڭ سالامەتلىك ئۈچۈن زادى قانداق زىيانلىرى بار؟ قەننى كۆپ يېگەندە، ئادەم بەدىنىدىكى، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ بەدىنىدىكى كالتىي ھەددىدىن ئارتۇق سەرپ قىلىنىپ كەتكەچكە سۆڭەكنىڭ يېتىلىشى ۋە بويى ئۆسۈشكە تەسىر يېتىدۇ. ئادەتتە قەننى (جۈملىدىن ھەر خىل تاتلىق يېمەكلىكلەرنى) كۆپ يېيىش چىش ئۈچۈن پايدىسىز. قەن تەركىۋى بەكمۇ كۆپ بولغان ئوزۇقلۇقنى ئىستېمال قىلغان كىشىلەر ئىچىدە چىش چىرىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار كۆپ بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى چەتئەل مېدىتسىنا مۇتەخەسسىسلىرى قەننى كۆپ يېيىشنى كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلىتىپ يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسىي سەۋەب دەپ قاراشماقتا. بۇلاردىن باشقا، قەننىڭ قەن سىيىش كېسىلى، بەلغەم تۇرۇۋېلىش قاتارلىقلارغىمۇ بەلگىلىك تەسىرى بار.

شۇڭا، قەننىڭ ئادەم بەدىنىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى ئازايتىش ئۈچۈن، قەن يېگەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

قەننى تېز يېيىش لازىم، چۈنكى قەننىڭ چىشقا بولغان تەسىرى ئۇنىڭ ئېغىزدا تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا باغلىق بولۇپ، قەننىڭ ئېغىزدا تۇرغان ۋاقتى ئۇزۇن بولسا، ئۇ ئېغىزدىكى باكتېرىيىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ياردەم بېرىپ چىشلارنى ئاسانلا چىرىتىپ تاشلايدۇ. يېپىشقاقلىقى يۇقىرى بولغان ئاقسىللىق قەنلەرنى ئىمكان قەدەر ئاز يېيىش ياكى يېمەسلىك كېرەك. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى قەن يېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. قەن يېگەندىن كېيىن، ئەڭ ياخشىسى ئېغىزنى ئىلمان سۇ بىلەن چايقىۋېتىش ياكى ئازراق ئالما ۋە باشقا مېۋە قاتارلىقلارنى يەپ، چىش چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (S1)

(قادىر ئىبراھىم تەرجىمىسى)





١. بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرت بولۇپ، بۇ يۇرتنىڭ 2 نەپەر يۇرت مۆتىۋىرى بار ئىكەن. بىرسىنىڭ ئىسمى قادىر ھاجىم، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ناسىر ھاجىم ئىكەن.



2. يۇرت ئىچىدە توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراق، مېھماندارچىلىق... بولسا، بۇ 2 يۇرت مۆتىۋىرىنى چاقىرماي قالمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ 2 مۆتىۋەرنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى مۇھىم بولۇپ، تۆردە قادىر ھاجىم، ئىككىنچى ئورۇندا ناسىر ھاجىم ئولتۇرىدىكەن.



3. قادىر ھاجىم يۇرتتا بولمىغان، ياكى ئاغرىق-سىلاق ۋە باشقا سەۋەبلەردىن كېلەلمەي قالسا، ئۇنىڭ ئورنى بوش قالدۇرۇلۇپ، ناسىر ھاجىم يەنىلا ئىككىنچى ئورۇندا ئولتۇرۇشى لازىم ئىكەن ۋە شۇنداق قىلىدىكەن.



4. بىر كۈنى، شۇنداق بىر سورۇن بولۇپتىكى، بۇ يۇرت بويىچە ئەڭ كاتتا مېھماندارچىلىق بولۇپ، چاقىرغۇچىنىڭ ئىززەت - ئابرويى ئۈچۈن، كېلىشكە تېگىشلىكلەردىن ھېچكىم قالماپتۇ.



5. بۇ يەردە ھېلىقى 2 مۆتىۋەرمۇ بار ئىكەن. لېكىن بۇ كۈنى، ئادەتتە دائىم 2 - ئورۇندا ئولتۇرىدىغان ناسىر ھاجىم سورۇننىڭ بىرىنچى ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ.



6. بۇ ھال، يۇرتنىڭ ئىلگىرىكى ئەنئەنىسىنىڭ ھېچقانداق يېرىگە مۇخالىپ كەلمىگەچكە، يۇرت ئەھلىگىمۇ، قادىر ھاجىمغىمۇ ھېچقانداق غەلىتە تۇيۇلماپتۇ. قېنى ئېيتىڭلار، بۇ قانداق سورۇن ئىدى؟(M5)

(ئابدۇقادىر سابىر)

# ئاجايىپ «سىرلىق بۇلۇڭ»

ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدا بىر سىرلىق جاي بولۇپ، بۇ يەر سانفرانسىسكونىڭ جەنۇبىدىكى سانتاكىس دېگەن كىچىك بازارنىڭ سىرتىغا توغرا كېلىدىكەن. سىرلىق جايغا كىرىش يولى ئېغىزىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئىككى پارچە تاختاي تاش بار بولۇپ، بۇ ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 40 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. بۇندىن سەل ئىلگىرى ياپونىيىلىك ئىككى جۇغراپ بۇ يەرگە تەكشۈرۈشكە كېلىپ ھەر ئىككىسى بىردىن ھېلىقى تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان. ئاندىن كېيىن ئۆز ئارا ئورنىنى ئالماشتۇرغان. بۇ چاغدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 164 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىرسى بويىنىڭ ئېگىزلىكى 180 سانتىمېتىر كېلىدىغان يەنە بىرسىنىڭكىدىنمۇ كۆپ ئېگىز ۋە بەستلىك بولۇپ قالغان. ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ غەلىتە ئەھۋالغا ئىشەنمەي ئارقا - ئارقىدىن ئۆز ئارا ئورنىنى ئالماشتۇرغان نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بويىمۇ بىردەم ئېگىزلەپ، بىردەم كىچىكلىگەن. ئەتراپتىكى كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەرمۇ بۇ مۆجىزىگە ھەيران قالغان.

ھېلىقى يول ئېغىزىدىكى تاختاي تاشلاردىن سىرلىق جاينىڭ مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىقتا يانتۇلۇقى ناھايىتى زور بىر كارىدور يول بولۇپ، كىشىلەر بۇ يولدا ماڭغاندا، ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ بىر يۆنىلىشكە قاراپ قىيسايغانلىقىنى كۆرىدىكەن، بۇ يولدا ماڭغان يولۇچىلارمۇ بەدىنى يانتۇ يولغا پاراللېل دېگىدەك قىيسايغانلىقى ئۈچۈن ئۆز پۇتىنى كۆرەلمەيدىكەن.

«سىرلىق جاي» نىڭ دەل قاپ ئوتتۇرىسىدا ياغاچ تاختايدىن ياسالغان بىر كونىپۇس ئۆي بار بولۇپ، بۇ ئۆيگە كىرگەن يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپكە قاراپ قىيسىيىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار كۈچىنىڭ بىرىچە قەددىنى رۇسلاشقا ھەرىكەتلىنىپ باقسىمۇ، بىر خىل غايىپ كۈچ ئۇلارنى بىر تەرەپكە تارتىپ كېتىدىكەن. بۇ ياغاچ ئۆيلەرمۇ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ تۇرغاچقا سەيياھلار ياغاچ ئۆيىگە كىرىش ھامان بىر خىل زور كۈچنىڭ ئۆزىگە ئۇدۇل ئېغىرلىق كۈچى مەركىزىگە ئىتتىرىۋېتىدىغاندەك ئورۇلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدىكەن. سەيياھلار گەرچە تۇتقۇچنى تۇتۇۋېلىپ بۇ كۈچكە قارشىلىق كۆرسىتىپ باقسىمۇ، 10 مىنۇتقا بارماي بېشى قېيىپ، قۇسقىسى كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدىكەن. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قىلارلىقى شۇكى، كىشىلەر ھېچقانداق تۇتقۇچ بولمىغان ئەھۋالدا، ياغاچ ئۆينىڭ تېمىدا ئۆرە تۇرالايدىكەن. ھەتتا، ئازراقمۇ كۈچ سەرپ قىلمايلا تامدا بەمۇزۇر ماڭالايدىكەن.

بۇ ئۆيگە قوشنا بولغان يەنە بىر ياغاچ ئۆينىڭ تورۇسىدىكى لىمىدا ساڭگىلاپ تۇرغان بىر تۆمۈر زەنجىر بولۇپ، بۇ زەنجىرنىڭ تۆۋەنىدىكى ئۇچىغا ئېغىر «ماياتنىك» ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى مەلۇم تەرەپكە قاراپ ئىتتىرگەندە، ئۇ تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ يېنىك



تۈيۈلىدىكەن، بارماق بىلەن سەل - پەل نوقۇپ قويسىلا ئۇنى ئورنىدىن قوزغاتقىلى بولىدىكەن، لېكىن ئۇنى قارشى يۆنىلىشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىتتەرسىمۇ، ئۇ مىدىرلاپمۇ قويمايدىكەن. بۇ «ماياتنىك» دەسلەپتە زەربىگە ئۇچرىغاندا تەرتىپلىك هالدا ئوڭ - سولغا تەۋرەنسىمۇ ئەمما، 5-6 سېكونتتىن كېيىن، ئۆزلىكىدىن هەركەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىكەن. ئوڭ - سولغا تەۋرەپ بولغاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئاندىن ئالدى كەينىگە تەۋرەيدىكەن. ئالدى - كەينىگە تەۋرەپ بولۇپ سولغا بۇرۇلىدىكەن - دە، يەنە ئوڭ - سولغا تەۋرەيدىكەن، مۇشۇنداق دەۋر قىلىپ توختىماي تەكرارلىنىپ تۇرىدىكەن.

ياغاچ ئۆينىڭ يان تەرىپىدە يانتۇ قويۇلغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر تاختاي بولۇپ، ئۇنىڭ يۇقۇرقى ئۇچىغا بىر گولف توپىنى قويسا، توپ دومىلاپ چۈشمەيدىكەن قول بىلەن ئىتتەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ بىر نەچچە دومىلاپ قويۇپ ئاندىن يەنە ئۆزلىكىدىن يۇقۇرىغا قاراپ دومىلاپ، يانتۇ تاختاينىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن يانتۇ ياغاچنى بويلاپ پەسكە دومىلاپ چۈشىدىكەن، هەرگىز تىك يۆنىلىشتە چۈشمەيدىكەن.

قادىر ئىبراهىم تەرجىمىسى (KXShH)

## «تاشقى ئالەم كىشىلىرى» نىڭ جەسىدى

ئامېرىكىنىڭ «20-ئەسىر ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۇچار تەخسە تەتقىقات ئىدارىسى»نىڭ باشلىقى دوپ. نارى يېقىندا ئامېرىكىدا ئاز دېگەندە 44 دانە «تاشقى ئالەم كىشىلىرى»نىڭ جەسىدى ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ قاتتىق مۇهاپىزەت قىلىنىدىغان مەخپىي ئىسكىلاتتا توڭلىتىپ قويۇلغانلىقىنى جاكالىدى. ئىلگىرى مەركىزى بازىدا ئىشلىگەن خىزمەتچىلەرنىڭ تاشقى ئالەم كىشىلىرىنىڭ قىياپىتىنى سۈرەتلەپ بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى 1·2 مېتىردىن 1·5 مېتىرغىچە بولۇپ تاشقى قىياپىتى يەر شارىدىكى ئادەملەردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن، پەقەت بېشى چوڭراق، كۆزلىرى ئالغاي، بۇرنى ئۇچلۇق، قۇلاقلىرى يوغان، ئېغىزى كىچىك، بارماقلىرى ئۇزۇن، تېرىسى بىنەپشە رەڭ ئىكەن. ئۇلار ئۆپكىسى بار بولسىمۇ ئوكسىگېن بىلەن ئەمەس بەلكى ئازوت بىلەن نەپەس ئالىدىكەن. (84KA Ə7)

## ئۇسۇل ئوينىيالايدىغان ئۈسۈملۈك

شىۋاگېيەنادىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا كۆرۈنىشى خۇاسىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئۈسۈملۈك ئۆسىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا قاراپ ناخشا ئېيتسىڭىز، ئۇ ئۆزلىكىدىن ئۇسۇل ئوينىغاندەك هەركەت قىلىدۇ. ئەگەر سىز ئېيتقان ناخشا جاراڭلىق بولسا، ئۇمۇ سىزگە ئەگىشىپ هەركىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئەگەر ئېيتقان ناخشىڭىزنىڭ ئاۋازى تۆۋەن، قايغۇلۇق بولسا، ئۇنىڭ هەركىتى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگىرىدۇ. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئەگەر سىز ئاغزىڭىزنى ئۇنىڭغا ئۇدۇل قىلىپ پۈۋلىسىڭىز ياكى قولىڭىز بىلەن ئۇنى تۈرتسىڭىز مىدىرلىمايدۇ. يەلپۈگۈچ بىلەن كۈچەپ يەلپۈسىڭىزمۇ مىدىرلىمايدۇ. پەقەت يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى ئۇنىڭغا تەسىر قىلسىلا ئۇ ئۆزلىكىدىن توختىماي ئۇسۇل ئوينىغان قىياپەتتە هەركەت قىلىدۇ. (JLQ8310)




(ساتىرىك ھېكايە)

ھەمتىمىن ھەزرەت

نادىر يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ ھەرقانداق بىر ئادەم بىلەن ئۇچراشقاندا ياكى مۇئامىلە قىلغاندا ئالدى بىلەن «ياخشىمۇسىز!؟» دەپ ئەھۋال سوراشنى ئۇنتۇمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۇسانجاق ـ سانجاق ئادەملەر بىلەن توشقان كوچا ئاپتوۋۇزىدىمۇ بىلەت ساتقۇچىدىن ئالدى بىلەن «ياخشىمۇسىز!؟» دەپ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئاندىن «بىلەت ئالاتتىم» دەپ پۇلنى تەڭلەيتتى. نادىر يۇرتىغا قايتىپ كەلگىنىگە ھەپتە بولدى. مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭ «ياخشىمۇسىز!؟» دىگەن سۆزنى نەچچە يۈز قېتىم تەكرارلىغان كۈنلىرى بار. ئۇنىڭ ھەممە كىشىلەرگە بۇنچىۋالا قىزغىن ۋە ئىللىق مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشى تەسادىپىي ھادىسە ئەمەس.

نادىر شەھەرلىك 2 ـ يىنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ ھەم ياش ھەم ئىلغار ئىشچىسى، ئۇنىڭغا بۇ قېتىم پۈتۈن يۇرت ھەيران قالغىدەك بىر ئامەت كەلدى: ياپونىيىنىڭ توكيو شەھرىدە شىنجاڭنىڭ يەرلىك قول سانائەت ماللىرى كورگەزمىسى ئېچىلىدىغان بولۇپ، بۇ كورگەزمىنىڭ بىر نەپەر چۈشەندۈرگۈچىسى مۇشۇ كارخانىدىن بېرىش كېرەك بولۇپ، خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان ئۇيغۇر بولۇشى لازىم ئىكەن. نادىرنىڭ خەنزۇچىنى بىلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن بىر چوڭ ئامەتنى ئېلىپ كەلدى. كۈنىگە سەككىز سائەت سېختا ئىشلەشتىن باشقا، ئۆمرىدە يۇرتتىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بۇ ئاددىي ئىشچى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا، بېيجىڭدىن توكيوغا يېتىپ باردى. ئۇنىڭ بىردىن ـ بىرى كاتتا، بىردىن ـ بىرى تەرەققىي تاپقان سەلتەنەتلىك شەھەرلەردىن ئالغان تەسىراتلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز، ئۇنىڭغا توكيودا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى مېھمانخانىنىڭ تاماقخانىسىدا، مېھمانخانىسىدىن چىققىچە، كورگەزمىخانىغا بارغاندا ئۇچرىغان كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن باش ئىگىپ سالاملىشىپ «oginki diska!?» (ياپونچە، ياخشىمۇسىز) ياكى «ohaya gozoymas!» (ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن) دەپ ئەھۋال سورىدى. ئۇ كورگەزمىخانىدا ماللارنى چۈشەندۈرگەندە كۆرگۈچىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭدىن سوئال سورىماقچى بولغانلار ئالدى بىلەن «ogniki diska!?» دەپ ئەدەپ بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن ئاندىن سورايدىغان گەپلىرىنى سورىدى. ئىشتىن چۈشكەندە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى «sayanara» (ياپونچە: خەير ـ خوش) دېيىشنى ئۇنتۇمىدى. نادىر ياپونىيىدە بولغان ئىككى ھەپتە ئىچىدە ياپونىيىلىكلەرنىڭ بېشىنى ئىگىپ بىر ـ بىرى

## چۆچۈك مىساللار

مىلەن سالاملىشىشلىرى، بىر - بىرى بىلەن «ياخشىمۇسىز!؟» دەپ ئەھۋال سوراشلىرى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ شەرەپلىك ئىش ھېساپلايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۇلارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن چەتئەللىك بىر نەچچە يېڭى كىنولارنى قويۇپ بەردى. سوۋېتنىڭ بىر كىنوسىدا بىر ئىشچىنىڭ ئىدارە دەرۋازىسىدىن كىرىپ، كارىدوردىن ئۆتۈپ ئىشخانىسىغا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇز يەتتە نەپەر ئادەم بىلەن سالاملىشىپ «ياخشىمۇ سىز!؟» دېيىشتى. (بۇنى نادىر كىنو كۆرۈۋېتىپ بىرمۇ - بىر ساناپ ئولتۇرغان) بۇ ھال نادىرنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى بىر مۇنچە ياشلار ئارىسىدا يېقىملىق مۇئامىلىنىڭ يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كوچىلاردا بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىشتىن مۇشلىشىش كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ «ئىنسان قەلبى قوپال مۇئامىلىدىن غەش بولسا، يېقىملىق مۇئامىلىدىن سۆيۈنىدۇ. پارتىيىنىڭ «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» نى تەشەببۇس قىلىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن. يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن چوقۇم كىشىلەرگە يېقىملىق، ئىللىق مۇئامىلە قىلىشتا نەمۇنە يارىتىمەن دېگەن نىيەتكە كەلگەن ئىدى. ئۇ، ئويلىغانلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئورۇنلىدى.

مانا بۈگۈن يەكشەنبە، نادىرنىڭ دەم ئېلىش كۈنى، ئۇ بىر دوستىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن بۈگۈن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا قاتنىشىش ئۈچۈن K ناھىيىگە كەلدى. ئۇ، بېكەتنىڭ يېنىدىكى ماگىزىنغا كىرىپ ھېلىقى ئادىتى بويىچە پەركازچىك قىزغا: ياخشىمۇ سىز!؟ - دېدى - دە، ئاندىن بىر قاپ تاماكا، بىر قاپ سەرەڭگە ئالاتتىم دېدى.

پەركازچىك قىز تاماكا، سەرەڭگە كەلتۈردى. نادىر پۇلنى تۆلەپ: - رەھمەت سىزگە! - دېدى قىزغا كەينىگە بۇرۇلۇۋېتىپ نادىر ماگىزىندىن چىقتى. ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق ئۇسسىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى كوچا دوقمۇشىدىكى دوغچىنىڭ كوچىدىكى دۇكىنىغا چۈشتى - دە، ئۇدۇل دۇكانغا قاراپ ماڭدى. بۇ دۇكاندا 25 ياشلاردىكى بىر چوكان خېرىدارلارغا دوغ ئېتىپ بېرىۋاتاتتى. ئوتتۇز ياشلاردىكى قاۋۇل بىر يىگىت مۇز پارچىلاۋاتاتتى. نادىر دۇكان ئالدىغا بېرىشى ھامان ئايال:



— كەلسىلە ئېزىز مېھمان، قېتىقتا ئىچەمسىز يا ئۈزۈم شەربىتىدىنمۇ؟ دەپ سورىدى.

نادىر ئادىتى بويىچە:

— ياخشىمۇ سىز؟ - دېدى ئايالغا ئەدەپ بىلەن كۈلۈپ. ئايال جىم - جىم تۇرۇپ قالدى - دە، چىرايىدىكى تەبەسسۇم دەرھال ئۆچتى. ئۇ بۇرۇلۇپلا ئەرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمە دەپ پىچىرلىدى. مۇز پارچىلاۋاتقان

ئەر كىشى ئىشىنى توختۇتۇپ كەينىگە بۇرۇلدى‑دە، نادىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. نادىر دوغىنى ئېتىپ بېرىدىغان ۋولدى دەپ ئويلاپ ئەرگە ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ.

— ياخ ... ئۇ، كىيىمنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشقا ئۈلگۈرمىدى. ئۇ كاچىتىغا بازغاندەك قاتتىق ئۇرۇلغان مۇشنىڭ زەربىسىدىن كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى....

نادىر ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنى ساقچىنىڭ ئالدىدا كۆردى. ئۇ بېشىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھەس قىلدى. بىر يۈزى كۆيۈشۈپ ئاغرىۋاتاتتى. ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن يۈزىنى سىلىدى، ئۇ بولسا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ساقچى:

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— نادىر

— نەدە ئىشلەيسەن؟

— ئا شەھەرلىك گىلەم كارخانىسىدا

— ئۇ ئايالغا نېمە دەپ چاقچاق قىلدىڭ؟

نادىر شۇ چاغدىلا ئىشخانىنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان دوغچى ئايالغا كۆزى چۈشتى. ئايالنىڭ يېنىدا ئۆزىنى بىر مۇش بىلەن ھوشسىزلاندۇرغان ئەر خۇددى ھازىرلا نادىرغا ئېتىلىدىغاندەك قەھرى ـ غەزەپ بىلەن ئولتۇراتتى. نادىر ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن تاياق يېگەنلىكىنى ۋە نېمە ئۈچۈن پەيچۇسىدا ئولتۇرغانلىقىنى ئەندى ھەس قىلدى. ئايالنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتتى.

— مېنى نېمە كۆردۈڭ ھەي مازى؟ مېنى ياخشى سىز دەپ يۈرۈيدىغانغا مەن قاچان كۆرگەن سېنى؟

— دەۋانى تۈزەتمەز سورامسىلەر ياكى مەن‑

مۇ؟ ـ ساقچى غەزەپ بىلەن ئايالغا تىكىلدى. ئايالنىڭ زۇۋانى تىنجىدى. ساقچى، بىر يۈزى خۇددى گىرىم قىلغاندەكلا ئىششىپ تىزارغان نادىرغا تىكىلدى.

— سەن بۇ ناھىيىگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن؟

نادىر بولسا ئاللا قاچان خىيالغا كەتكەن ئىدى. ساقچىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كارخانىدىكى بەزى كۆرەلمەس كىشىلەرنىڭ سىخىمۇ ـ سىخ يۈگۈرەپ يۈرۈپ «نادىرنى ئۆگىنىش ئۆلگىسى دەپ يۈرەتتىكلار. پالانى ناھىيىدە بىر خوتۇن بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ پەيچۇسىغا سولىنىپ قاپتۇ» دېيىشلىرى، ئۆيىگە كەلسە خوتۇنىنىڭ «ئىككى بالىنىڭ دادىسى بولغاندا بۇنداق بۇزۇلۇشىڭىزنى بىلمەيتىكەنمەن، ئەر كىشى دېگەن زادى ۋاپاسىز ئىكەن» دەپ بۇقۇلداپ يىغلاشلىرى... نامايەن بولۇشقا باشلىدى. ئۇ يامراپ كەلگۈسى تۆھمەت ۋە پىتنە ـ ئىغۋالارنى ئويلىغانسېرى چۆچۈپ كەتتى ـ دە، ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى. يىغا ھەسرىتى ئۇنىڭ يۈرەك قېتىنى ئېچىشتۇراتتى. كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ، ئىسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. دوغچى ئەر ـ خوتۇن بولسا بۇ لۈكچەكنى قەتئى جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. ساقچى خىيالغا چۆكمەكتە ئىدى. ئۇ، نادىرنىڭ كىچىك بالىدەك ھۆكىرەپ يىغلاشلىرىدىن قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىۋاتامدۇ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ھېسداشلىقى قوزغالدىمۇ ياكى ئۇنى جازا قانۇنىنىڭ قايسى ماددىسىغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىمىدى يېكىر يۈرگۈزۈۋاتامدۇ، بۇنىسى نامەلۇم ئىدى.

نادىر بولسا ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ ھۆكىرەپ يىغلىماقتا ئىدى. (ə7)



# سالام

(ھېكايە)

ئابلەت ئەبەيدۇللا (ۋاردىس)

ئادەتتە بۈگۈنچە بۇ شەنبە كۈنىمۇ ئىشتىن يېنىشىمىلا ئۆيىگە قاراپ يول ئالدىم. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتنىڭ مېھرى نېمە دېگەن كۈچلۈك! ئۇچۇۋېلا بېرىپ ئېتىزلارنى سەيلە قىلغۇم، ئاتا - ئانام بىلەن تېزرەك ئۇچراشقۇم كېلىدۇ. خوشلۇقۇمدا شەھەر سىرتىدىكى كادالىق يولغا قانداق چىقىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بۇ يېزا يولىدا بىردەم ماڭغا - ماڭمايلا ۋېلسىپىتىمنىڭ چاقى تاقىلداشقا باشلىدى. ھەي، مېنىڭ شور پېشانىلىكىمنى، بۇ يەردە بىرەرسىنى تونۇسامغۇ كاشكى. كاللامدا ئەزەلدىن بۇ يېزا كىشىلىرىگە قارىتا مۇجمەل تونۇش بار. ئۆزەمنىڭ سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكىنىمگە قارىماي، ئۇلارنى تېخى تولىمۇ قاششاق، مەدەنىيەتسىز، يولدىن ئۆتكەن ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىشنى خالىمايدۇ، دەپ تونۇيمەن. كاللامنى ئەنە شۇنداق خىياللار قورشىۋالغان تۇرسا بىرەرسىدىن ناسوس تىلەشكە ياكى ياردەم تەلەپ قىلىشقا قانداقمۇ پېتىناي؟ بولدىلا تەۋەككۈل دەپ كېتىۋېرىمىچۇ......

مەن ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ مېڭىۋەردىم.

«ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك قوسۇغۇم تولغاپلا ئاغرىۋاتىدۇ. ۋېلسىپىتىمۇ نەغمىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، بارغانسېرى قاتتىق تاقىلداشقا باشلىدى. مانا ئەمدى پۈتۈنلەي يەل قويۇۋەتتىمۇ نېمە، كامېر بىلەن قاسقان بىر - بىرىگە چاپلىشىپلا كەتتى. ئەمدى بۇ پالاكەت ۋېلسىپىتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدۇم. بېشىم قايغاندەك قىلدى - يۇ، پۇتلىرىمنىڭ ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

ئاتام بىرچاغلاردا مېنى دائىم ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق ئادەم بولۇشقا ئۈندەيتتى. بىراق مەن ئاتامنىڭ شۇنچە كۆيۈنۈپ قىلغان نەسىھەتلىرىنى پۇشتىمىغىمۇ ئىلمايتتىم.

— ئوغلۇم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەدەپ - ئەخلاق ئادەمگە يارىشىملىق بىر زىننەت، دەرەخلەرنىڭ قوۋزاق يوپۇرمىقى بولسا كۆرۈمسىز قاقشال بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، كىشىدە ئەدەپ - ئەخلاق بولمىسا شۇنداق يارامسىز، كۆرۈمسىز، قەدىرسىز بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ. كىشىلەر بىلەن سالام - سائەت قىلىشقا ئادەتلەنسەڭ بولاتتى. ئۆيىگە ھەر قېتىم كەلگىنىمدە مەھەللىدىكى چوڭ كىشىلەر ئالدىمغا ئۇچرىسا پۇش دېمەي ئۆتەمەن. ئويلاپ باق، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ مەندىن كېيىن قالغاندا نەگە بېرىپ قەيەردە توختىشىڭنى نېمە دېگىلى بولىدۇ؟ باشقا كۈن چۈشكەندە بىراۋنىڭ ئالدىغا يەنە بۇقىدەك كېلىۋېرىش مۇمكىنمۇ؟ شۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىنىكى، سالام - سائەت ئارقىلىق تونۇشمىغانلار تونۇشىدۇ، تونۇش - بىلىشلەر سىردىشىدۇ. قىسقىسى، سالام - سائەتسىز كىشى زۇۋانسىز ھايۋان بىلەن باراۋەر......

ئۆز ۋاقتىدا ئاتامنىڭ سۆزلىرىگە قولاق سېلىپ، كىشىلەر بىلەن سالام - سائەت قىلىشىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان بولسام بوپتىكەن. مانا ئەمدى ھەش - پەش دېگىچە ئاتامنىڭ دېگەنلىرى ئۆز بېشىمغا كەلدى. ئىش قىلىپ بۇمۇ ماڭا كەلگەن بىر پالاكەت. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ مەن ئەزەلدىن باشقىلاردىن بىرەر نەرسە تىلەپ كۆرمىگەن تۇرسام. ئەگەر شۇنداق قىلغاندىمۇ كىمگە يېلىنىمەن؟ گەپنىڭ راستى سالام قىلىشنى ئۇنتۇغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئالدىدا بېشىمنى ساڭگىلىتىپ بېرىشتىن قورقىمەن.

بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ تازا قېتىۋاتقاندا دوقمۇشتىكى كۆلدىن سۇ ئېلىۋاتقان بىر بوۋايغا كۆزۈم چۈشتى. «توختا، ھەر نېمە بولسا ئەشۇ كىشىگە بىلمىسەمچە بىر سالام قىلاي، بەلكىم ئۇنىڭ دىلى ئېرىپ ياردەم قىلسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ، بېشىمنى ساڭگىلاتقىنىمچە بوۋاينىڭ قېشىغا كەلدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاتا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. سېنى ھېچ تونۇيالمىدىم. قاياققا كېتىپ بارىسەن بالام؟ بۇ ئويلىمىغان

سوئالدىن بېشىم كۆككە تاقاشقاندەك بولدى - دە، ئىنجىقلاپ تۇرۇپ بولمىغۇر جاۋاپ قايتۇردۇم.

— مەن ... ئەشۇ شەھەردىن كەلگەنتىم. بۇ يەرگە كەلگەندە ۋەلسىپىتىم بۇزۇلۇپ قالدى.

— ھەي، — دېدى ئۇ ئەپكەشنى دولىسىغا ئېلىپ، — خاتىرجەم مەن بىلەن ماڭ. ئۆزەم ئوڭشاپ بېرىمەن. قارىغاندا خېلى تەربىيە كۆرگەن بالىدەك قىلىسەن. سېنى تونۇمىسامىمۇ ئەدەپلىك بالا ئىكەنلىكىڭگە قاراپ ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.



ۋاھ، كۆرمەمسىز ما ئىشنىڭ ئوڭغا تارتقىنىنى، مېنى تېخى «تەربىيە كۆرگەن بالىكەنسەن» دەۋاتامدۇ. مەن بۇ ئاقكۆڭۈل كىشىگە ئەگىشىپ ئەنجان تاملىق ئازادە ھويلىغا كىردىم. بوۋاي ئالدى بىلەن داستىخان راسلىدى. قاشتېشىدەك يالتىراپ تۇرىدىغان سۈزۈك مۇناقى ئۈزۈم، پەيزىۋاتنىڭ «قارا كوسەي» قوغۇنى، ئوتتۇن بىلەن پىشۇرۇلغان مىزىلىك گىردە نان قاتارلىق نېمەتلەر بىلەن قوساقنى توقلىۋالغاندىن كېيىن، بوۋاينىڭ ئوغلى سايمانلىرىنى ئېلىپ تېشىلگەن كامېرنى بىردەمدىلا ياماپ بەردى. ئەمدى ئۆز ھاياجىنىمنى باسالمىغان ھالدا بوۋايغا قايتا ئىگىلىپ سالام بەردىم. كۆزلىرىنى قانچە يۇمۇۋالسامۇ ئىككى تامچە ياش مەڭزىمنى لەمدىدى. تېخى ماگار ۋاقىتىمدا ئۇ دېگەر ئوبدان تونۇشتۇق، ھەر شەنبە كۈنى ئۆيۈڭگە ماگار چاغدا مېنى يوقلاپ ئۆتكىن. خۇددا بۇيرىسا تېخى مەنىمۇ شەھەرگە بارغىنىمدا سېنىمۇ يوقلاپ تۇرىمەن» دېگەندەك بىرمۇنچە گەپلەرنى تاپىلاپ يولغا سېلىپ قويدى.

مانا ئەمدى قوساقنىڭ ئاغرىقى يوق. ۋەلسىپىت بىلەن ئۇچقاندەك كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزەمچە خىجىل بولۇۋاتىمەن. كاللامدا «پىكىر - خىيالىم كىچىككىنە تار رامكىغا نېمىشقىمۇ سولىنىپ قالغاندۇ، نېمىشقىمدۇ بۇ تار رامكىنى چېقىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالمىغاندىمەن، بۇ ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنى نېمىشقىمۇ ئورۇنسىز ئەيىبلەپ يۈرگەندىمەن......» دېگەندەك سوراقلار ۋىژدانىمنى سوت قىلماقتا ئىدى.

قەدىرلىك دوستلار، مانا بۈگۈن سالامنىڭ قەدىرىگە يەتتىم. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈك مەنىۋى يىپ ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. مانا ئەمدى ئۆيگە تېخىمۇ ئالدىرايمەن. بۈگۈنكى بۇ ئۇنتۇلماس ئىشنى ئاتا - ئانامغا تېزرەك ئېيتىشقا ئالدىرايمەن.

ئەي تۆمۈر شەيتان، سەنمۇ تېزرەك چاپ، بەلكىم سەن ئۇقمايدىغانسەن، مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا باشقىچە بىر ئادەم، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقى گۈزەللىكىنى كۆرۈۋاتقان بىر يېڭى ئادەممەن.

كەچكۈزنىڭ سالقىن ھاۋالىق يېزا يولىدا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدىكى كىشىلەرگە كۈلۈمسىرەپ سالام بەردىم.

— سالام، دېھقان تاغىلار!

— سالام، ئاقكۆڭۈل بوۋىلار! (ئ7)

(ئاپتور قەشقەر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)

................................ → ✻ ← ................................

ئوغلۇمغا

هوشۇر ئەمەت

ئوغلۇم مەن ساڭا قىلاي نەسىھەت،
ياشلىق ئالتۇن چاغ بۇ بىر ھەقىقەت.

گۈزەل ياشلىقنىڭ قەدرىگە يەتكىن،
ھالال تەر تۆكۈپ باغ بىنا ئەتكىن.

بېغىڭدا پىشسۇن مېۋە مەي باغلاپ،
يېسۇن ئەل ئۇنى چىن دىلدىن داڭلاپ.

غەيرى ئىللەتتىن قاچقىن يىراققا،
بەرداشلىق بەرگىن تۇرالۇك سىناققا.

ئالدىڭدا باردۇر ھەر خىل ئىمتىھان،
ئۇنىڭغا تەييار بولغىن ھەر زامان.

ئۆگەنگىن ھارماي ھەردەم تىرىشىپ،
يۈكسەلگىن ئالغا شانغا ئېرىشىپ.

مەغرۇر بولمىغىن شۆھرەت تاپساڭمۇ،
ئاسماندا ئەركىن قانات قاقساڭمۇ.

گۈل ياشلىقىڭدىن قالدۇر ئىز، شەرەپ،
ئۆزەڭگە قويۇپ ئەڭ قاتتىق تەلەپ.

## سېنىڭ ناخشاڭ

توختاش بەكرى

ياش، ناخشىچى يىگىت!
ھەر ناخشاڭنى ئېيتىپ ئوتىسەن.
بەزىنىڭ كوچىدىن:
«ياشلىقىم ـ پاشالىقىم» نى ...
سوزۇپ ئېيتقان ناخشاڭدىن
ھوزۇرلىنىمەن.
بىلىپ قالدىڭمۇ مېنىڭ
بۇ ناخشىغا ئامراقلىقىمنى.
ئۈنلىرىم،
ئەسكى داس داراڭلىغاندەك —
چىقسىمۇ گويا،
يۆتۈلۈپ ـ قېتىلىپ جۆر بولىمەن.
ئەشۇ ناخشاڭغا بىر ھازا!...
ناخشاڭ بىلەن مەن
كەتكىنىمدە ئۇزاقلاپ،
جۆر بولۇشتىن توختاپ دەن
چۈشىمەن پەستى ـ كارىدىمغا
تۈۋرۈككە يۆلىنىپ،
مەيدەمنى تويۇپ ھاۋسىغا.
كېتىپ قالىمەن بىر پەس
چوڭقۇر شېرىن خىيالغا:
راست ئېيتىسەن،
سېنىڭ ياشلىقىڭ
ھەقىقەتەن پاشالىقىڭدۇر.
ھەر تەرەپتىن گۈل كېلىدىغان.
چۈنكى،
زامانەڭ ئوڭدۇر.
پېشانەڭدىن سۆيۈپ،
بېشىڭدىن نۇر سېپىلىدىغان.
......
بىزنىڭ ياشلىقچۇ؟
قوي نېمىسىنى ئېيتىمەن (؟)

لاي سۇدەك ئېقىپ كەتتى،
بىر مەزگىل تار زامان.
جىرىس تاسقىغاندەك تاسقاپ،
تەلۋىلىرى، بۇ باشتا ـ
ياڭاقلىرىنى چېقىپ كەتتى.
سېنىڭدەك ۋاقىراپ
باشقا كىيىپ كوچىنى،
نەدە دەيسەن ناخشا ئېيتماق.
ئېيتقان ناخشىلار
بويۇلۇپ سېرىق ـ قارا
بولاتتى شۇ ھامان
بويۇنغا چۈشكەن سىرتماق.
...
سېنىڭ ياشلىقىڭ
دەل تولپارلىقىڭدۇر.
ئۇچۇپ،
ئويمان ـ دوڭلەردىن ئۆتىدىغان.
سېنىڭ ياشلىقىڭ،
شۇڭقارلىرىڭدۇر.
ئۆدەڭگۈ ـ غاز ئەمەس،
تۆلكە ـ بۆرىنى،
قامالاپ گەژگىدىن تۇتىدىغان.
ياشلىقىڭ ئىسىل ئەشۇنداق.
ياشلىقىڭ دېگەنمۇ ئەسلىدە
بىلگەن كىشىگە
خاسىيەتلىك بىر پەسىل.
ھە، بۇ پەسىلگە بېرىدۇ مەزمۇن
ئەجداتلارنى ئۇنۇتمىغان،
ئەۋلاتلارنى ئويلىغان
ۋىژدانغا سادىق نەسىل.
......
ناخشىچى يىگىت
ياشلىقىڭنى ـ پاشالىقىڭنى،

ھەقلىقسەن قانچە داغلىسالڭ.
مەنمۇ سۆغا چىلىغان باغلىقتەك
ئەپۇەشكە كىپ قالمىدىكەنمەن.
ناخشاڭنى ھەر كۈنى ئاڭلىسام،
كۆرسەڭ ئىدىڭ!
شۇ تۇرقى ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ،
ناخشاڭغا ياندا بولغۇنۇمنى.
كۆرسەڭ ئىدىڭ!
ياشلىق، شاتلىقنىڭ ـ
كەيپىياتىغا تولغۇنۇمنى.
......
قالتىس،
قالتىس زامان كەلدى ـ دە!
ياشقا، قېرىغا،
سولماس ھايات بەرگەن.

قالتىس،
قالتىس دەۋران كەلدى ـ دە!
سازغا، ناخشىغا،
تالماس قانات بەرگەن.
......
ئەي بەختىيار يىگىت!
زامانەڭ شەنىگە،
ياڭرات ناخشاڭنى، توختاتما!!
يەتمەي نىشانغا،
پەللىگە،
ياشلىقىڭغا خاس
ئورىغان پوتاڭنى بوشاتما!!!

(جامائەتكە ئاتونۇلغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى توختاش بەكرى ھازىر غۇلجا ناھىيە مەدەنى ـ مائارىپ بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ).

## پۇشايمان

ئەھمەت ناسىر

ئۇچراشتى يىگىتكە قىزچاق، ئۇنىڭكى
تۆكۈلدى قەلبىدىن ئاڭا مۇھەببەت.
تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرەيلى دەمدى،
كۈندۈردى يىگىتنى قىزچاق ئاقىۋەت.

توي قىلدى ئاخىرى ئۇلار ئالدىراپ،
مېھمانلار ئوزۇلمەي كەلدى ھەر كۈنى.
سورۇننىڭ ئۈستىگە توزۇلدى سورۇن،
بەزمىلەر قايىندى كۈندۈز ۋە تۈنى.

نازىنىن تانسىدا تولغۇنۇپ دېدى:
«ئادىرىغىم، دىلىمدىن سۆيىمەن سىزنى.
ئىچىلسۇن سۆيگۈدىن ياشلىق گۈلىمىز،
«مەڭگۈلۈك مۇھەببەت دېيىشسۇن بىزنى.»

كۆپ ئۆتمەي ئارىدىن، بوشىدى يانچۇق،
خەجلەنگەچ پۇل-پۇچەك بۇزۇپ-چېچىلىپ.
بەزمىلەر ئامالسىز يىغىشتۇرۇلدى،
چاي پۇلى ئۈچۈنمۇ قالغاچ قىسىلىپ.

چوكاننىڭ چېھرىدە ئەگىدى بۇلۇت،
مىجەزى ئۆزگىرىپ بولدى بىر بىشەم.
مەڭگۈلۈك مۇھەببەت نەگە كەتتىكىن؟!
ماجرالار تۈگىمەي كەلدى ھەممىشەم.

«باي چاغلاپ تۇرقۇڭنى تېگىپتىكەنمەن...!»
سۆز سالدى ئېرىگە چوكان «گادايي» ـ دەپ.
«ئۆپكەڭمۇ كۆرۈندى مانا بەش كۈندە ـ
ئەمدى مەن بۇ دەرتكە قانداق چىداي» ـ دەپ.

پۇلغىلا باغلانغان ئىشقى ـ مۇھەببەت،
شۇنچە تېز ئېچىلدى پارنىڭ گۈلىدەك.
پۇل تۈگەپ ئارىدىن بىر سۆز ئۆتمەستىن،
ھايالسىز توزىدى سامان كۆلىدەك.

پېشىنى سىلكىدى يول ئالدى چوكان،
بار ـ يوقنى ئالدى ـ دە، قۇرۇتتى ئۆينى.
پۇشايماننى ئالارغا چىقمىدى قاچا،
يىگىتمۇ سىناشماي قىلغاچقا توينى.

بۇ ئىشلار بىز ئۈچۈن بولسۇن بىر ساۋات،
پۇلغىلا باغلانغان «مۇھەببەت» يوقسۇن.
گۈللىسۇن سۆيگۈمىز غايە بىلەنلا،
ئۆمرىمىز مەڭگۈلۈك مەنىلىك ئۆتسۇن.



← دوردىسى لازىم ئە-
مەس، قۇ-
تەسى كېرەك



↑ چوڭىدىن كىچىكى ئەتىۋا



← توختاپ‍ـتۇر، بىر
شۇرىۋالاي

ياردەمنىڭ «باھاسى»
↓



↑ ئالدىدا بىر خىل،
كەينىدە بىر خىل






↑ پېنسىيىگە چىقىشنى قارشى ئېلىش

# تەبرىك ۋە تەكلىپ

ھۆرمەتلىك مۇشتەرى، ژورنىلىمىز (ئۇيغۇرچە نەشرى) نىڭ 1984- يىلى 1- پەسىللىك تىراژى 28 مىڭ 503 كە يېتىپ، نەشر قىلىنىش تارىخىدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقۇرى سانغا ئېرىشكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن خالىس تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ۋە ئاكتىپ مۇشتەرى بولغان كىتاپخانىلىرىمىزنى، تەشۋىقى - تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئۆتىگەن ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەرقايسى پوچتىخانا ۋە پوچتا خادىملىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. ئۇلارنىڭ ئۇنۇملۇك خىزمىتى ئۈچۈن كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرىمىز.

ئەمدى، مۆھتەرەم كىتاپخانىدىن مۇشۇ بەتنىڭ ئىككى تەرىپىگە بېرىلگەن جەدۋەللەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ بېقىشنى ئۆتۈنىمىز. ئوڭ تەرەپتىكى مۇشتەرى سانى 500 دىن، ھەتتا 1000 دىن، 2000 دىن ئاشقان ناھىيە ياكى شەھەرلەر، سول تەرەپتىكى مۇشتەرى سانىنى 500 دىن ئاشۇرۇۋېتىش ئىمكانىيىتى بولغان، ئەمما ئاشۇرالمىغان ناھىيىلەر. ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى جەدۋەلگە قاراپ شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، ئاھالىسى ۋە ياشلار سانى بىر قەدەر ئاز بولغان بەزى ناھىيىلەردىمۇ مۇشتەرىلار كۆپلەپ جەلپ قىلىنغان. ئاھالىسى ۋە ياشلار سانى بىر قەدەر كۆپ بولغان بەزى ناھىيىلەرمۇ تۆۋەن ساندىن ھالقىيالمىغان. سول جەدۋەلدىكى ناھىيىلەرنىڭ كىتاپخانلىرى كىتاپ - ژورنال ئوقۇشقا ئانچە قىزىقمامدۇ؟ ياق، ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. گەپ ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشۋىق - تەرغىبات جەھەتتە قانداق كۈچ چىقارغانلىقىدا ۋە باشقا سەۋەبلەردە بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى بىز ئوڭ تەرەپ جەدۋەلدىكى ناھىيىلەرنىڭ مۇشتەرىلىرىنى يەنىمۇ كۆپلەپ جەلپ قىلىشنى ۋە سول تەرەپ جەدۋەلدىكى ناھىيىلەرنىڭ تەشۋىقات ۋە ھەيدەكچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ئۆز تەۋەسىدە تېخىمۇ كۆپ ياشلارنى ژورنىلىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمىز.

رىداكسىيىدىن

| ناھىيە (شەھەر) | مۇشتەرى سانى |
|---|---|
| ئۈرۈمچى (ش) | 1586 |
| تۇرپان | 627 |
| ئاقسۇ | 664 |
| كۇچار | 995 |
| ئاقسۇ كونىشەھەر | 847 |
| باي | 1023 |
| ئۈچتۇرپان | 541 |
| ئاۋات | 673 |
| غۇلجا ناھىيە | 519 |
| قەشقەر (ش) | 1401 |
| قەشقەر كونىشەھەر | 567 |
| يېڭىسار | 758 |
| مارالبېشى | 735 |
| يەكەن | 2114 |
| مەكىت | 504 |
| پوسكام | 562 |
| قاغىلىق | 1452 |
| قارىقاش | 500 |
| خوتەن | 1077 |
| لوپ | 996 |

| ناھىيە (شەھەر) | مۇشتەرى سانى |
|---|---|
| توقسۇن | 242 |
| پىچان | 337 |
| قۇمۇل | 410 |
| كورلا | 164 |
| چەرچەن | 153 |
| چاقىلىق | 87 |
| قاراماي | 326 |
| توقسۇ | 449 |
| شايار | 179 |
| قىزىلسۇ | 421 |
| ئاقتۇ | 478 |
| پەيزىۋات | 488 |
| يوپۇرغا | 274 |
| كەلپىن | [illegible]24 |
| غۇلجا (ش) | [illegible]3 |
| قورغاس | [illegible] |
| گۇما | [illegible] |
| چىرىيە | [illegible] |
| كېرىيە | [illegible] |
| نىيە | [illegible] |




تيانشان تاغلىرى

لى گۇاڭكۇيىن فوتوسى

乌 135 市

# 3

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 |


مۇقاۋىسى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ژۇرنال ۋاكالەتچى نومۇرى (58 - 50) باھاسى 20 پۇڭ
شىنجاڭ قىزىلدىك ژۇرناللار تىزىملىكى نومۇرى: 006 -
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلۇش كوچىسى ۋە - نومۇر

...شەھىرى بولۇمى نەشر قىلدى.
...باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
...رىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.
...ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.